بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


❖ ئەللامە ئۇستاز شېھىت مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم... ....................................... فەرۇق مۇھتەرەم 3

❖ تىرىك جەسەتلەر ۋە ئۆلۈك ھاياتلار...ئابدۇللا قاسىم 10

❖ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتكۈزۈشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوق» دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە ....................................ئابدۇلئەھەد ھاپىز 23

❖ تۈركىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخىغا نەزەر .............. ...................................ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن 39

❖ مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزدا ئۈچ ئەڭگۈشتەر .......................................شەمشىدىن ئايۇپۇۋ 47

❖ 21 ـ ئەسىر مىليونېرلىرىنىڭ بايلىقى قەيەردىن كەلگەن؟ ....................................ھەبىبۇللا تەكلىماكانىي 52

❖ تارىخنى نېمىشقا ئۆگىنىمىز؟ .......ئابدۇللا قاسىم 58

❖ پەرزەنت تەربىيەسىدە ئائىلىنىڭ رولى..خۇمار ھەسەن 69

❖ كۇچادىكى بىر قىسىم تارىخىي مەسچىتلەر ....................................ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت 68



المعرفة

ھەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ژۇرنال (پەسىللىك)

2018

1 ـ سان

(ئومۇمىي 22 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:

سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:

مۇھەممەد يۇسۇپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن

ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى

ئابدۇلئەھەد ئۇجات

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ياسىن ئابدۇلھېكىم

ئەسەر ئەۋەتىڭ

پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ

ئېلخەت ئادرېسىمىز:

Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكىتاب نۇسخىسىنى «مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:

WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچەساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
**Kamal Paşa Mahallesi Biga Sokak No. 27**
**Bodrum Kat Sefaköy Küçükçekmece istanbul**
*TEL: 0212_6243928*

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئاپتورلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بارلىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس!




ھاياتتا شۇنداق قىممەتلەر بولىدۇكى، ئۇنى يوقۇتۇش ئىنساننى قايغۇغا چۆمدۈرسىمۇ، نىمىدۇر ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرالىشى، يوقىتىش قايغۇسىغا تەسەللىلىك رولىنى ئۆتىيەلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ قىممەتلەر ئىچىدە شۇنداق يوقۇتۇشلار بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئورنىغا نە تەسەللىي بار، نە تولدۇرغۇچى. بىر مىللەت ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى ساغلام قۇرۇپ چىقىش، ساغلام روھقا ئىگە قىلىش ۋە توغرا ياشاش يولىغا يېتەكلەش، ھەمدە پەيغەمبەر قولىدا لاۋۇلداپ يانغان بۈيۈك مەشئەلدىن تارىغان ئىلاھىي نۇرنى بۇ ئەزىز مىللەتنى ئۈچۈن زۇلمەتتىن قۇتۇلۇش مىزانى قىلىش ۋە بۇنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇش ۋە چۈشەندۈرۈش يولىدا تىنىماي تەر تۆككەن كىشىلەرنى يوقۇتۇپ قويۇشى، بولۇپمۇ ئەمەلىي خىزمەتلىرى ئارقىلىق پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى بولۇش شەرىپىنى قولغا كەلتۈرگەن ئالىم-ئۆلىمالىرىنىڭ ئارىدىن غايىب بولۇشى، مانا شۇ ئورنى تولدۇرغۇسىز، مۇسىبىتى بۈيۈك قەدىر-قىممەتلەردىندۇر. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئايرىلماس پارچىسى بولغان ئۇيغۇر مىللىتى تارىختا ئۆرنىكى يوق، مىسلىسىز يوقۇتۇشلارنى، زۇلۇم ۋە پاجىئەلىك كىرىزىسلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ كۈنىدە، ئىلىم ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇزلىرىدىن بىرى بولغان ئۇستاز ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم بىلەن ۋىدالاشتى.

ھاياتىنى خەلقىنىڭ بىلىم-مەرىپىتى، ئىمان-ھىدايىتى ۋە ئىلاھىي ئاڭ-تۇيغۇلىرىنىڭ ۋەھىي بۇلاقلىرىدىن سۇغۇرۇلۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاتىغان بۇ پىداكار زات شەھىتلىقتىن شەرەپلىك ئۆلۈمى بىلەن بىزنى قايغۇ-ئەلەمگە قويغان ۋە ھەسرەتكە چۆمدۈرگەن ھالدا ئارىمىزدىن كەتتى.

## ھاياتى:

ئىجتىهاتلىق تۆھپىكار ئۇستاز ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم 1939 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاتۇشتىكى تونۇلغان دىنىي ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەر زات سالىھ داموللا ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

كىچىكىدىنلا ئىلىمگە ئوتتەك ئىشتىياق باغلىغان ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم 11 يېشىدا خەتمىدىن ئۆتۈپ، مۇرەتتەب قارى بولغاندىن كېيىن دادىسىدا دەسلەپكى دىنىي بىلىملەر ۋە ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1956 ـ يىلى ئىسلام ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. دادىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى ئىلىم تۈرلىرىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بولغان ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئەينى چاغلاردا مىسىردىن تەكلىپ قىلىنغان بەھبىيۇددىن زەييانى، شەيخ ئابدۇللەتىف ھامىد سۇلايمان قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە تەپسىر، ھەدىس، فىقھە، ئەقىدە، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام تارىخى، ئىلمى بالاغەت، ئىلمى كالام، ئەرەب ئەدەبىياتى قاتارلىق پەنلەرنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. 1960 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا ئورۇنلاشقان. 1984 ـ يىلى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن.

1987 ـ يىلىدىن دەم ئېلىشقا چىققۇچە، ئۈرۈمچىدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئىنستىتۇتتا ئەنئەنىۋىي دىنىي مائارىپ بىلەن يېڭىچە دىنىي مائارىپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ مىڭدىن ئارتۇق دىنىي ئۆلىما يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇ دىنىي زاتلار دىيارىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ۋە چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم 1961 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەپسىر، ھەدىس، فىقھە قاتارلىق ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە تەتقىقات ۋە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئىسلام تارىخى، ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپى، ئۇيغۇر ئىسلام ئەدەبىياتى، ئەرەب ئەدەبىياتى، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

1986 ـ يىلى ئۇلۇغ دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىمنى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەرجىمە شۇ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 200 مىڭ پارچە نەشر قىلىنغان. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ تەرجىمىسى 1992 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى فەھدىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن پادىشاھنىڭ قۇرئان بېسىش ئاكادېمىيەسىدە بىر قانچە يۈز مىڭ پارچە بېسىلىپ تارقىتىلغان. سىلاۋيانچە نۇسخىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارغا تارقىتىلغان. (2017 ـ يىلى تۈركىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تۈركىيەدە قايتا نەشر قىلىندى).

ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللا هاجىم 1991 ـ يىلى خەلقئارا ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئۇچۇن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان 10 ئالىمنىڭ بىرى سۈپىتىدە مىسىر ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان. 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر قانچە قېتىم ماراكەش پادىشاھى ھەسەنIIنىڭ تەكلىپى بىلەن ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارالىق «رامىزان لېكسىيەلىرى» پائالىيىتىگە قاتناشقان ۋە پادىشاھ تەرىپىدىن تارتۇقلانغان. 1992 ـ يىلى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ ئالىي مۇكاپات ـ فەيسەل مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن. 2002 ـ يىلى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى تەرىپىدىن قازاقىستاندا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان. ئۇستاز قازاقىستاندىكى بۇ يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چەتئەلگە چىقىشى چەكلەنگەن. ئۇستاز 2002 ـ يىلىدىن بۇرۇن مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، قازاقىستان، پاكىستان، ئىران، ماراكەش، كۇۋەيت، تۇنىس، سۇدان، تۈركىيە ۋە ئالجىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەھۋالى ھەققىدە ماقالە ئوقۇغان، لېكسىيە سۆزلىگەن. ئىسلام ئەللىرىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالار بىلەن ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرغان.

ئۇستاز ھاياتىنىڭ ھەربىر مىنۇتىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەتەن ـ مىللەت ئۇچۇن كېچە ـ كۈندۈز جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ئىسلام ئۇممىتىگە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. تۆۋەندىكى ئۇستازنىڭ ھاياتىدا قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي ۋە ئەمەلىي نەتىجىلىرى بولۇپ، بىر قىسىم ئەسەرلىرى نەچچە يۈز مىڭ پارچە نەشر قىلىنغان. ئىلمىي ماقالىلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئەسەرلىرى:

1. **ترجمة معاني القرآن الكريم** قۇرئان كەرىم تەرجىمىسى.
2. **تفسير جزء تبارك وجزء عم** 29-ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

30 ـ پارىلەرنىڭ تەپسىرى.

3. صحيح البخاري سەھىيھۇلبۇخارىي تەرجىمىسى (نەشر قىلىنمىغان).

4. جواهر البخاري وشرح القسطلاني سەھىيھۇل بۇخارىي ۋە قەستەلانى شەرھى تەرجىمىسى.

5. الأدب المفرد بۇخارىينىڭ ئەدەبۇل مۇفرەد ناملىق ھەدىسلەر توپلىمى تەرجىمىسى (نەشر قىلىنمىغان).

6. مختارات من الأيات القرآنية والأحاديث النبوية ومعانيها قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانمىلار.

7. المعجم المفهرس لمواضيع القران الكريم قۇرئان كەرىمنىڭ تېمىلارغا ئايرىلغان نۇسخىسى (نەشر قىلىنمىغان).

8. رياض الصالحين وشرحه رىيازۇسسالىھىن (ياخشىلار باغچىسى) تەرجىمىسى ۋە شەرھى.

9. نور اليقين في سيرة سيد المرسلين مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنىڭ تەرجىمىسى.

10. معجم عربى–أويغورى ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت.

11. قاموس عربي–أويغوري ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ قامۇس (ئىككى جىلد).

12. قاموس أويغوري–عربي ئۇيغۇرچە ـ ئەرەبچە چوڭ قامۇس (تاماملىنىش باسقۇچىدىكى ئەسىرى بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئەسەرگە جىددىي ئىشلەۋاتقان).

13. فضل الدعاء والأدعية المأثورة دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار.

14. الدر المنضد من قصائد الوالد والولد دادىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئەرەبچە يازغان قەسىدىلەر توپلىمى).

15. عقد الدرر من أشعار فضلاء بلدة كاشغر ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنىڭ ئەرەبچە يېزىلغان قەسىدىلەر توپلىمى. (نەشر قىلىنمىغان).

16. الاعلام ئىسلامىيەتتىكى مەشھۇر شەخسلەر، ئەسىرلەر ۋە يۇرت ـ جايلار.

17. نۇر ۋە قەلەم ماقالىلەر توپلىمى (نەشر قىلىنمىغان).

18. تاريخ الاسلام في آسيا الوسطى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام تارىخى (نەشر قىلىنمىغان).

ئەرەبچە، فارسچە ۋە چاغاتايچىدىن ئۆز ئالدىغا ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەييارلىغان، تەھقىقلىغان تەرجىمە ئەسەر ۋە ماقالىلىرى:

1. ديوان لغات الترك دىۋانى لۇغاتىت تۈرك تەرجىمىسى (مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقاپ كەتكەن

2. احياء علوم الدين ئىھيا ئۇلۇمىددىن (تەرجىمە).

3. المكتوبات مەكتۇبات (تەرجىمە).

4. جامع التواريخ جامىئۇت تەۋارىخ (تەرجىمە).

5. تواريخ خمسة تەۋارىخى خەمسە (تەرجىمە).

6. غزوات در ملك الصين غازات دەر مۇلكى چىن (تەرجىمە).

7. تذكرة عزيزان تەزكىرەئى ئەزىزان (تەرجىمە).

8. التواريخ الجديدة تەۋارىخ جەدىدە (تەرجىمە).

9. جهد المقل جەھدۇل مۇقل (تەرجىمە).

10. سر المخلص سىررۇل مۇخلىس (تەرجىمە).

11. تەجدىد ناملىق غەزەللەر دىۋانى (تەھقىق).

12. تۇتىنامە (تەھقىق).

13. مۇھەببەتنامە (تەھقىق).

14. سالىھ داموللام ۋە ھۇسەيىنخان تەجەللىينىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى (تەھقىق).

ئىلمىي ماقالىلىرى

1. ھەدىس شەرىف ھەققىدە ئۇمۇمى بايان.

2. ھەدىس بىزگە نېمە دەيدۇ؟.

3. ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت.

4. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى.

5. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى توغرىسىدا.

6. المساجد ودورها في الدعوة الاسلامية بمنطقة أيغور دىيارىمىزدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىسلام دىنى تەشۋىقاتىدىكى رولى (ئەرەبچە يېزىلغان).

7. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مازار تېمىسى.

8. ئىسلام دىنى تارىخىدىكى خاۋارىجلار گۇرۇھى.

9. تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش.

10. تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا.

11. قۇتادغۇ بىلىكتىكى «ھاجىب» سۆزى ھەققىدە.

12. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئودغۇرمىش ئوبرازىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنىشى.

13. ئاپئاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش تارىخى.

14. مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ نەسەبنامىسى.

15. شىئە ـ ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا.

16. «رۇقئاتى ناۋايى» ھەققىدە.

17. مۇتەپەككۇر ئەدىب، داشدار ئالىم، ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاساسى تېماتىك مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا.

ئۇستازنىڭ يۇقىرىدىكى ئەمەلىي ئىش ـ ئىزلىرى ۋە خىزمەت مېۋىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىگە

www.uyghurkitap.com

ئاپىرىن ئوقۇماي، ھەققىگە خەيرلىك دۇئالىرىمىزنى ياغدۇرماي قالمايمىز. قارايدىغان بولساق، ئۇستاز ئەزىز مىللىتىنىڭ ئاسارەت ئاستىدا يوق بولۇپ كېتىشىگە توسقۇن بولالايدىغان مۇھىم ئامىلنىڭ مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەشكىلى قىسمى بولغان دىنىنى ساغلام تۇتۇپ تۇرۇش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلەردىن ئىدى. خەلقى ۋە ئەۋلادلارنىڭ دىنىنى توغرا چۈشىنىشىگە قولايلىق يارىتىش ھەمدە دىنىنىڭ ئومۇم يېتەكچىلىكىنى مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئاڭ ۋە قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇستازنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن ئىدى. شۇڭا ئۇ قاتمۇقات ـ نازارەت، قاتمۇقات توسالغۇ ۋە بېسىملارغا ئۇچرىشىغا قارىماي ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە مىللىتىنىڭ دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا كېتەرلىك خىزمەتلەرنى روياپقا چىقىرىش بىلەن بەند بولدى. ئۇ بۇ يولدا بەجانىدىل خىزمەت قىلىشتا، بار كۈچى بىلەن كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئىرادىسىنى بىردەممۇ بوشاتمىدى:

پاچاقلاپ مۇشكۇلاتلارنى بولۇرمەن شىرى يەزدانىدەك،
سېزەرمەن مىڭ ھۇزۇر دىلدىن توساقلار تارمار بولسا.

مۇئەممالار بەسى كۆپ، دۇچ كېلەر ماڭدامدا بىر مۇشكۇل،
نىھان سىرلار ئايان بولماس كۆڭۈللەر بىقارار بولسا.

شاياتونلار بولۇرمىش خەستە دىللار ئاھىغا بائىس،
ئەقىل ئىدراكقا گۇمراھلىق يېتىپ يولدىن ئازار بولسا.

بولۇرمەن گاھى ناشاد، گاھى شاد باشىمدا مىڭ سەۋدا،
جاھان غەۋغالىرىدىن بىباھا ئۆمرۈم بىكار بولسا.

كېتەر يىللار ئۆتەر ئايلار پەسىللەر ئالمىشىپ بىر ـ بىر،
نەۋا ئەيلەر ھامان بۇلبۇل خازان بولماس باھار بولسا.

دىيارىم قەرزى زىممەمدە ئۆمۈرۋايەت ئادا بولماس،
ھېلىغۇ تەندىكى بىر جان تۇمەنمىڭ جان نىسار بولسا.

بىكاردۇر ئەلگە خىزمەتسىز بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ چاغنى،
تەبەسسۇم ئىلكىدە دەۋران سۈرۈپ مىڭ يىل ياشار بولسا.

بېرىلگەي ئىلمۇ ئىرپانغا قەدەمدە قالدۇرۇپ بىر ئىز،
كىمكى روھى ئەجدادلارغا بەرھەق ئىز باسار بولسا.

تەمەيىم يوق مۇكاپاتتىن پەقەت ئالەمچە بەختىمدۇر،
ئىشىم مەقبۇل بولۇپ دىللاردا نامىم يادلىنار بولسا.

ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار روھ ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەتىنىمىزدە مەيلى كۆپچىلىك ئىلىم ـ ئەھلىلىرى ئارىسىدا بولسۇن ياكى ئەلجامائەت ئارىسىدا بولسۇن، ھەممىنىڭ نەزىرىدە قۇرئاندىن ئىبارەت ئىلاھىي دەستۇرنى ئۆز ئانا تىلىدا چۈشىنىش يولىنى قولايلاشتۇرغان، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنى ساغلام مەنبەلەردىن چۈشىنىشكە ياردەمچى بولىدىغان مۇھىم خىزمەتلەرنى سۇنغان بىر مۇنەۋۋەر دىنىي ئالىم ئىدى. دەرۋەقە ئۇستازنىڭ ئۈن ـ تىنسىز تىرىشچانلىق، خىزمەت ۋە پەۋقۇلئاددە كۆرەش بىلەن ئۆتكەن ھاياتى مىللەتنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى كۈچەيتىپلا قالماي، شېھىتلىقتىن ئىبارەت ھەر بىر مۇئمىن ئارزۇلايدىغان ئەڭ ئالىي ۋە شەرەپكە سازاۋەر ماقام بىلەن دۇنيادىن كەتكەنلىكى بۇ مىللەتنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھەسرەت ۋە مەڭگۈلۈك ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. مىللىتىمىز زالىملارنىڭ ئىستەكلىرىگە قارشى بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇق، دىنىي ئالىملىق ۋە مۇئمىنلىك شەرىپىنى قوغدىغان ۋە بۇ يولدا ئۆزىنىڭ ئىسسىق جېنىنى بېرىش بىلەن شېھىتلەر سېپىدىن ئورۇن ئېلىپ شەرەپلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان بۇ پەخىرلىك ئالىمنى ھېچقاچان ۋە ئەسلا ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ئاللاھ مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىكىنى خەيرلىك قىلغاي! شېھىتلەر ماقامىنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسى بىلەن تارتۇقلىغاي، ئامىن!



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تىرىك جەسەتلەر ۋە ئۆلۈك ھاياتلار

(شەھىد، ئاللامە ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ شاھادىتىدىن تۇغۇلغان ئويلار)

ئابدۇللا قاسىم

«ئاللاھنىڭ يولدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شەھىدلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر»[1]

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشتىن بۇرۇن پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگىتىپ، پەرىشتىلەرنىڭ ئېتىرازىغا جاۋابەن: «(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار؟»[2] دېگەن قايتۇرما سوئالى بىلەن بىزگە بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلارنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي باراۋەر بولمايدىغانلىقىنى ئىشارە قىلغانىدى. «ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟»[3] دېگەن ئايەتتىمۇ بۇ مەنا ئوچۇق ئىپادە قىلىنغانىدى. ئەمما بىز بۇ يەردىكى باراۋەر بولماسلىقنى پەقەت ئاللاھتىن ئېرىشىدىغان ساۋابتىكى ياكى قىيامەتتىكى ماقامنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى دەپ چۈشىنىپ قالدۇق. ھالبۇكى، دۇنيا رېئاللىقىغا قارىغىنىمىزدا،

① بەقەرە سۈرىسى، 154 ـ ئايەت

② بەقەرە سۈرىسى، 231 ـ ئايەت

③ زۇمەر سۈرىسى، 9 ـ ئايەت

بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلارنىڭ باقىي دۇنياغا بېرىشتىن بۇرۇن، پانىي ئالەمدىلا ھەر جەھەتتە باراۋەر بولالمايدىغانلىقىنى قۇياشتەك ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. دۇنيا سەھنىسىدە بىلىدىغانلار ھاكىم، بىلمەيدىغانلار مەھكۇم؛ بىلىدىغانلار كۈچلۈك، بىلمەيدىغانلار ئاجىز؛ بىلىدىغانلار ئاكتىپ، بىلمەيدىغانلار تاماشىبىنلىق ئورنىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. دېمەككى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار مەيلى پانىيدا، مەيلى باقىيدا، ھاياتنىڭ مەيلى مىكرو قاتلىمىدا ۋە ياكى ماكرو قاتلىمىدا بولسۇن، ھەقىقەتەن باراۋەر بولمىغان ئورۇنلارغا ساھىب ئىكەن. بۇ خىل باراۋەرسىزلىك ھەتتا ئاللاھنىڭ ئادالىتىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىكەن.

تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلارنىڭ ئىككىلا دۇنيادا باراۋەر بولالمايدىغانلىقى، ئىنساننىڭ ھەر ئىككىلا دۇنيالىق بەخت-سائادىتىنى تەڭ كۆزلىگەن ئىلاھىي دىنىمىز ئىسلامنىڭ مۇقەررەر تەقەززالىرىدىن بىرىدۇر. يەنى، ئىلىم ئىنساننى ھەر ئىككىلا دۇنيادا يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ يۈكسەكلىك بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنكى، ئوتتۇرىدا قىلچىلىك زىتلىق مەۋجۇت ئەمەس.

مانا مەرھۇم شەھىد، ئەللامە ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ نەتىجىلىك ھاياتى ۋە شەنى بۈيۈك شاھادىتى بىزگە يۇقىرىقى ئايەتنى ھەرقانداق نۇتۇق ۋە يېزىقلاردىنمۇ جانلىق، تىرىك تەپسىر قىلىپ بەردى. بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلارنىڭ قانداق باراۋەر بولمايدىغانلىقىنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈپ بەردى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا، ئۆز ۋەتىنىدە چۈشۈرۈلەلمىگەن نامىزىنىڭ ھەرگىزمۇ بىر قانچە مىڭ كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى يەنە بىر ۋەتەندە بۇ دەرىجىدە داغدۇغىلىق، ھاياجانلىق ۋە تەنتەنىلىك چۈشۈرۈلىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتى، بەلكىم ھېچقايسىمىز بۇنداق ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتۇق. ۋەتەندە بەلكىم كۈندە مىڭلارچە قېرىندىشىمىز ئاشكارە-يوشۇرۇن شەھىد قىلىنىۋاتىدۇ، نېمىشقا چەتئەلدىكى دېگۈدەك بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلار پەقەت مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭلا غىيابىي جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بۇ قەدەر قىزغىن؟! تارىخىمىزدا يەنە كىمنىڭ ياقا يۇرتلاردا بۇنداق قىزغىن غىيابىي جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلگەن؟! بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئالىمنىڭ ھاياتىدىكى دىن-مىللەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن بۈيۈك خىزمەتلىرىنى تەستىقلىغانلىقىنىڭ ۋە ئالىمغا كۆرسەتكەن لۇتفى-ئىنايىتىنىڭ ئالامىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆلگەنىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئورتاق قايغۇسىغا، ئورتاق قوللىشىغا ئېرىشىشى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە نەتىجىلىك ھايات كەچۈرگەنلىكىنىڭ بىر بەلگىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: «بىر قېتىم كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن بىر جىنازا ئۆتكەنىدى. ساھابىلەر ئۇ كىشىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تېگىشلىك بولدى» دېدى. بىر دەمدىن كېيىن يەنە بىر جىنازا ئۆتتى. ساھابىلەر ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلدى. رەسۇلۇللاھ: «تېگىشلىك بولدى» دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نېمە تېگىشلىك بولدى، دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى: بىرىنچى جىنازىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغانىدىڭلار، ئۇنىڭغا جەننەت تېگىشلىك بولدى. ئىككىنچى جىنازىنىڭ يامان گېپىنى قىلغانىدىڭلار، ئۇنىڭغا دوزاخ تېگىشلىك بولدى. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى»[1] يەنى، ھەدىستىن شۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ باھاسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئالىمنىڭ ئىلىم بىلەن، خىزمەت بىلەن، ئاقارتىش بىلەن ئۆتكەن بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىنى ئەڭ ئاخىرىدا شەھىدلىك ماقامىدىن ئىبارەت ئەڭ يۇكسەك مۇكاپات بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىز تىرىكلەرگە ھەقىقىي قوغلىشىدىغان ھاياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى. ھاياتىمۇ تۆھپە، ئۆلۈمىمۇ تۆھپە بولالايدىغان بۇنداق ھاياتنى كىم ئۈمىت قىلمىسۇن؟! كىم ھەسەت قىلمىسۇن؟!

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىلى مىڭ يىللار بولغان بولسىمۇ، قۇرئان، ھەدىستىن ئىبارەت ئەسلى ئىككى مەنبەنى ئاساس قىلغان دىنىي بىلىملەر شۇ ئۇزاق ئۇزۇن ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشالمىغان ئىدى. گەرچە مەدرىسلەر ئىزچىل ئىسلام مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، كاتتا ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، بۇ ئۆلىمالارنىڭ سانى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىغا نىسبەتەن زىيادە ئاز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۆز چەمبىرىكى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالغان، ئومۇمىي خەلق بولسا ئاساسسىز رىۋايەت، ئەپسانىلەرنى دىنىي مەلۇماتلىرىنىڭ مەنبەسى قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. تاكى، 1990 ـ يىللارغىچە خەلقىمىز ئۆزىنىڭ دىنىي جۇمە، يەكشەنبە بازار كۈنلىرىدە مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا، بازارلاردا گەپ ساتىدىغان مەدداھ، ۋائىزلارنىڭ ھېچبىر سەھىھ مەنبەلەرگە تايانمىغان رىۋايەت، ھۆكمەت ۋە جەڭنامە، قىسسەلەردىن ئۆگىنىپ كەلگەن ئىدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ساۋاتسىز بولغاچقا، ئەرەب تىلى ئەمەس، ئۇيغۇرچە ئوقۇيالايدىغانلار ئىشقىلىپ دىنىي كىتاب ئوقۇپ بېرەلىسىلا شۇ مەھەللىنىڭ موللىسى بوپقالغانىدى. ھەتتا ئۇيغۇرچە ساۋادى بولمىسىمۇ، قۇرئان

---

[1] بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ساۋادى بولسا، ئەمما پارىنى يادلىۋالغان بولسىلا مەسچىتلەرگە ئىمام بولۇپ، كىشىلەرگە ئۆزىمۇ توغرىلىقىنى ئېنىق بىلىپ كەتمەيدىغان سۆزلەرنى «دىن» دەپ سۆزلەپ كەلگەن ئىدى. شۇڭلاشقا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىنى ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدىكى ياكى تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئىدىيە تارىخىدىكى بىر دەۋر بۆلگۈچ تارىخي ھادىسە دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ بىلەن مىڭ يىللىق مۇسۇلمانلىق تارىخىغا ئىگە كەڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئاممىسى تۇنجى قېتىم ئاللاھنىڭ كالامىنى باشقىلارغا تايانماي بىۋاستە ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم تارىخىدىكى بىر ئىنقىلاب ئىدى. چۈنكى، بىز قۇرئاننى، سەھىھۇلبۇخارىينى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىدە بىزلەرگە سۆزلىنىپ، ئاڭلىتىلىپ كەلگەندەك ئەمەسلىكىنى، دىن نامىدىلا سۆزلەنگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا توغرا بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى، پالانى موللام، پۇستانى ئۆلىما نېمە دېسۇن، قۇرئان، ھەدىسكە ئۇيغۇن بولمىسا، ياكى مۇشۇ ئىككىسىگە تايانمىسا، گۇمان قىلىش ھوقۇقىمىز بارلىقىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ تۈپ مەنبەسىنىڭ ئەسلىدە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈردى.

بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامي چۈشەنچىسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ بىر ئۆزگىرىشتۇر، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋر بۆلگۈچكى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئىنتايىن سىستېمىلىق، پىلانلىق بىر شەكىلدە دىنسىزلاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى، ئىشلەنگەن كىنو، دراممىلاردىكى دىنىي ئوبرازلار مەقسەتلىك ھالدا سەلبىيلەشتۈرۈلدى، بۇ يەردە مەن تېخى مەكتەپلەردىكى سىستېمىلىق ئاتېئىزم دەرسلىكلىرى، گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى توختاۋسىز تەشۋىقاتلارنى تىلغا ئالمىدىم. بۇ ئۇيغۇرلارنى دىندىن بەزدۈرۈش ھەرىكىتىگە ھەتتا نۇرغۇن مىللەتپەرۋەر زىيالىيلارمۇ بىلىپ، بىلمەي، مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز قاتنىشىپ قالدى. خىتاينىڭ كەتمىنىنى مىللەت سۆيۈپ تۇرۇپ چېپىپ تاشلىدى. ئاستا ـ ئاستا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، خۇسۇسەن مەكتەپ مائارىپى كۆرگەن خېلىلا بىر قىسىم قاتلامنىڭ ئېڭىدا «بىزنى قۇللۇققا، قالاقلىققا مەھكۇم قىلغان نەرسە ئىسلام دىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ نىجاتلىقى ئىسلام دىنىدىن قۇتۇلۇشتا» دەيدىغان بىر چۈشەنچە شەكىللىنىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، بۇ ئۇلارنىڭ مۇستەقىل، ئەستايىدىل ئىزدىنىشى بىلەن قولغا كەلگەن بىر ئەقلىي خۇلاسە بولماستىن، بەلكى خىتاينىڭ سىستېمىلىق تەرزدە، مەقسەتلىك ياراتقان مۇھىتى ئاستىدا سۇنئىي بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، ئەمما ئۇيغۇرلار ئۆزى ئاڭسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەھسۇلاتتەك ئويلاپ قالغان ياسالما چۈشەنچە ئىدى. يەنى، يۇيۇلغان مېڭىدىكى پىكىرلەر ئىدى. يۇيۇلغان مېڭىلەردە شەكىللەنگەن ئىدىيەلەر ئەسلى يۇغۇچىغا تەۋەدۇر. بىراق، مېڭە ساھىبلىرى مېڭىسى ئۆزىنىڭ بولغىنى ئۈچۈن بۇ ئىدىيەلەرنى مېنىڭ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئىشنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، بۇ مېڭىلەرگە ئالدىن پىلانلانغان، مۇشۇ خۇلاسىلەرگە مۇقەررەر ئاپىرىدىغان ماتېرىيال-مەلۇماتلار مەقسەتلىك تەمىنلەنگەن، مۇھىت يارىتىلغان، باشقا ئەكسىچە مەلۇمات مەنبەلىرى بولسا، تولۇق ئۇلاشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چەكلىنىۋېتىلگەن بولغاچقا، باشقىچە يەكۈنگە ئېرىشىش ئاساسەن مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى، تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى تەپەككۇرنىڭ خورۇچىنى مۇھىم مەنبە قىلىدۇ، گەرچە بىز تەپەككۇرنى ئۆز مېڭىمىزدە مۇستەقىل قىلساقمۇ، خورۇچ ئەسلى باشقىلارنىڭ بولغاچقا، كۆپىنچە ھاللاردا شۇلار پىلانلىغان خۇلاسىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ ئىزدىنىش نەتىجىمىز دەپ قاراپ قېلىشىمىز تەبىئىي ئەھۋالدۇر. مۇستەملىكىدە ھاكىمىيەتنىڭ دېگۈدەك ھەممە ئىشى سىياسىي ئىستراتېگىيەنىڭ بىر پارچىسىدۇر. مۇستەملىكىدىكى مائارىپ، تەشۋىقاتلارمۇ ماھىيەتتە زور كۆلەملىك بىر مېڭە يۇيۇش پائالىيىتىدۇر. ھېلىھەم خېلى بىر قىسىملىرىمىزنىڭ ئەركىن يەرلەردە ياشاپ تۇرۇپمۇ، يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ بىر بولۇڭلىرىدا ئىسلامدىن بىزارلىق، ياتسىراش، ئەنسىرەش تۇيغۇلىرى مەۋجۇت. سەۋەبىنى گەرچە مەنتىقلىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ.

ئەسلى گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، بۇ كۆرۈنۈشنىڭ مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئىسلام دىنىنى قالاقلىقنىڭ سەۋەبى دەپ قاراپ قالغان ئەشۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ دىنىنى ئۆگىنىپ ياكى تەتقىق قىلىپ باققان ئەمەس ئىدى. ھەتتا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىسلام دىنىدىن باشلانغۇچ ساۋاتقىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ قاتلامنىڭ ئېڭىدا ئىسلام دىنى خۇراپاتلىق بىلەن باراۋەر، ئىلىم-پەن، ئەقىل بىلەن مۇتلەق قارشى قۇتۇپتىكى بىر ئۇقۇم بولۇپ قالدى. بىزدە قۇرئاندىن بىر سۈرە، ھەدىسلەردىن بىرەر تېما ئوقۇپ باقماي تۇرۇپلا، ئىسلام دىنىنى چۈشەنگەن بولۇۋالىدىغان بىر تەتۈرلۈك شەكىللەندى. بۇ يەردە مۇنداق مىسال بېرىش مۇمكىن، بىزدە قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن ھەدىسنى پەرق قىلالمايدىغان، يازمىلىرىدا «ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ پالانى ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن» دەپ نەقىل ئالىدىغان يازارمەنلەرمۇ يوق ئەمەس. «يارىتىش مەندىن، يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگەن مۇشۇ گەپنى ئاللاھ دەپتىكەن، دەپ نەقىل ئالمىغان زىيالىي يوق دېيەرلىك دېسەك خاتا بولمايدۇ. كۈلكىلىك يېرى ھېچقايسىسى بۇنى قۇرئاننى ئوقۇپ تاپقان ئەمەس، بەلكى باشقا ئىككىلەمچى مەنبەلەردىن ئاڭلىۋالغان،

ئوقۇۋالغان خالاس.

مانا مۇشۇ يەردە مېنىڭ نىمە ئۈچۈن ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا هاجىمنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىنى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە دېيىشىمنىڭ سەۋەبى روشەنلىشىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە سىيرەتلەرنىڭ تەرجىمىسى بىلەن مانا مۇشۇ قاتلام ئۆگىنىلگەن ئىسلام بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىسلام بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئاستا ـ ئاستا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ئۇلار ئويلىۋالغاندەك باقىينى دەپ پانىينى تەرك ئەتكەن، زۇلۇمغا ياق دېمەي ماقۇل دەيدىغان، ئەقلىنى چەتكە قېقىپ، مىستېبىتىزمنى ياقلايدىغان دىن بولماستىن، دەل يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە بىر دىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئوقۇغۇچىلارغا، كادىرلارغا، زىيالىيلارغا ئەسلى مەنبەسىدىن تارقىلىشقا، ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىنى ئەسلى مەنبەسىدىن ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇيغۇر تارىخىدا بۇرۇن بۇنداق بىر ھادىسە بولۇپ باقمىغان. دىنىي بىلىملەر بۇنداق كەڭ كۆلەملىك جەمئىيەتلىشەلمىگەن. مانا مۇشۇ نۇقتىدا ھەممەيلەن شەھىد ئەللامىمىزگە ھەسەت قىلىشقا ھەقلىق. بۈگۈنكى كۈنىمىزدە مەيلى ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ساۋابتا، مەيلى ئىجتىمائىي، ئەمەلىي ئۈنۈمدە بولسۇن، بۇنداق تۆھپىگە ساھىب بولغان يەنە بىر ئۇيغۇر يوق دېيىش مۇمكىن. ئەللامىمىزنىڭ ھاياتى ماڭا تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىسنى ئېسىمگە سالدى:

بىرىنچى ھەدىس: «ئەگەر ئادەم بالىسى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۈچ خىل ئەمەلىدىن باشقا ئەمەلىنىڭ ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ: بىرىنچىسى، ئۈزۈلۈپ قالماستىن پايدىسى جارى بولۇپ تۇرىدىغان سەدىقە. ئىككىنچىسى، خەلق پايدىلىنىپ تۇرىدىغان ئىلىم (باشقىلارغا ئىلىم ئۆگىتىش، كىتاب يېزىپ قالدۇرۇشقا ئوخشاش). ئۈچىنچىسى، ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت تەربىيىلەپ قويۇش»[1] ئەللامىمىزنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي مىراسلىرى ھەدىستە زىكىر قىلىنغان قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىنىڭ ئۆزىدۇر. قىيامەتكىچە ياشىغان بارلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىلغان ھەر دۇئاسىدا، ھەر بىر سەجدىسىدە، ھەر بىر تىلاۋىتىدە مۇھەممەد سالىھ داموللا هاجىمنىڭ ئەمەل دەپتىرىگە توختىماستىن ئەجىرلەر پۈتۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۆزى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، قىيامەتكىچە ئۈزۈلمەس، مىقدارىنى ئۆلچەپ بولماس ساۋابقا ئېرىشىپ تۇرىدىغان بۇنداق ماقامغا قانداق بىر مۇسۇلمان ھەسەت قىلمىسۇن؟! يەنە كېلىپ داموللامنىڭ تەرجىمىلىرى شۇ قەدەر پاساھەتلىك، شۇ قەدەر نەپىس ۋە گۈزەلكى، بۇ ئەسەرلەر كېيىنكى دىنىي ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىدە ئېشىش قىيىن بىر داۋانغا، ئىنتايىن مۇكەممەل بىر تەقلىد ئۆرنىكىگە ئايلاندى. بۇنى يېزىقچىلىق

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ۋە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ باققانلار ئوبدان بىلىدۇ. مېنىڭ ئەپسۇسكى، شۇنچە كۆپ كىشى ئىسلام ئىلىملىرىدە ئوقۇدىيۇ، بۇنداق پاساھەتلىك يەنە بىر قەلەم ساھىبى تېخىچە يېتىشىپ چىققىنى يوق. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرئان تەرجىمە، تەپسىرلىرىنى داموللامنىڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلانماي، ئۆرنەك ئالماي، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر قۇرئان تەرجىمە ـ تەپسىرچىلىكىنىڭ تۇنجى ھۇلىنى داموللام ۋايىغا يەتكۈزۈپ بەرپا قىلدى. كېيىنكى ئىشلار مانا مۇشۇ ھۇل ئۈستىدىلا داۋاملىشىدۇ. ھەدىس تەرجىمە، تەپسىرلىرىمۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. داموللامنىڭ يەنە بىر سەزگۈرلۈكى شۇ يەردىكى، ھەدىسلەرنىڭ نوقۇل مەتنىنىلا تەرجىمە قىلىپ قويماستىن، قىسقىچە تەپسىرىنى بېرىشنى ئۇنۇتمىغان، چۈنكى داموللام پەقەت نوقۇل مەتنى تەرجىمىسى بېرىلسىلا كىشىلەرنىڭ ھەدىسلەردىن خالىغانچە مەنە، ھۆكۈم چىقىرىشىپ ئىختىلاپ تېرىشىدىغانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمەھالىمۇ ئورنىنى تەرىپلەش قىيىن بىر بۈيۈك خىزمەت. چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى كىتابتىكى ئىسلامنىڭ ھاياتتىكى تىرىك ئۆرنىكىدۇر، شۇڭلاشقا نەزەرىيەدىكى ئىسلامنىڭ ئىنسانىنىڭ ھاياتىدا قانداق تەدبىقلىنىدىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ساھابىلەرنىڭ ھاياتى ئارقىلىق كۆرەلەيمىز. چۈنكى نەزەرىيەنى بىلگەنلىكىمىز چوقۇم ئۇنىڭ قانداق تەدبىقلىنىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدىغانلىقىمىزنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇيغۇرلاردىن ئۆزىنى سەممىي بىر مۇسۇلمان چاغلايدىغان ھەر قانداق بىر ئادەم قۇرئان كەرىمنى تولۇق ئوقۇمىغان بولۇشى مۇمكىن، ـ يۇ، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمەھالىنى چوقۇم ئوقۇپ چىققان دېيىش مۇمكىن. «ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ قامۇس»مۇ تۈزۈلۈشىنىڭ قېيىنلىقىنى، شۇنداقلا ئىلمىي، ئەمەلىي قىممىتىنى ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان بىر بۈيۈك ئەمگەكتۇر. قامۇسنىڭ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشىغىچە 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتكەن بولۇپ، خىزمەتتە بۇنداق سابات، مەتانەت، سجىللىق مانا بىزلەردە ئەنقا تۇخۇمىدەكلا غايىب بولدى. مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە 20 يىل ئەمگەك سەرپ قىلىش ئەمەس، مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە ئىككى سائەت ئەستايىدىل تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، بىرەر كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئەمەس، 500 بەتلىك بىر كىتابنى سەۋر بىلەن ئوقۇپ چىقىشنىڭ ئۆزىمۇ بىز ئۈچۈن شەھەر ئالغاندەك ناھايىتى كاتتا ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. قامۇس نەشر قىلىنىشتىن بۇرۇن ۋەتەندىكى تالىبۇلئىلىملەر ئەرەبچە ـ ئەرەبچە لۇغەتلەردىن پايدىلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن تەبلىغ قىلغاندا، دىنىي ئىلىملەرنى يەتكۈزگەندە ئەرەبچە كەلىمىلەرنى جايىدا ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى تاپالماي كۆپ قىينىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

مەن نۇرغۇن ئەھلى ئىلىملەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ «مۇسۇلمانلار خۇددى بىر تەنگە ئوخشايدۇ» دېگەن ھەدىسىنى «مۇسۇلمانلار خۇددى بىر جەسەدكە» ئوخشايدۇ دەپ تەبلىغ قىلغىنىغا تالاي قېتىم شاھىد بولغانمەن. (ھەدىسنىڭ ئەرەبچە مەتنىدە جەسەد دەپ كېلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى بەدەن، تەن. ئۇيغۇر تىلىدا جەسەدنىڭ مەنىسىنى ھەممىمىز بىلىمىز). ھەر بىر ئەسىرنىڭ ئىلمىي قىممىتى، تەسىرى ھەققىدە بۇ تەسىراتتا ئىنچىكە توختىلىشقا ئامالسىزمەن.

ئىككىنچى ھەدىس: «كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەن، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىلەردۇر»[①] داموللامنىڭ ھاياتى دەل ھەدىستە تەسۋىرلەنگەن ئۆمرىمۇ ئۇزۇن بولغان، نەتىجىسىمۇ مول بولغان ھاياتتۇر. مەيلى ئوقۇش مەزگىلىدە، مەيلى تەتقىقات-تەرجىمە مەزگىلىدە ۋە ياكى كېيىن ئىسلام ئىنستىتۇتىغا مۇدىر بولغان مەزگىلدە بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام ھاياتى ئۈچۈن تەسىرى دەۋرىدىن ھالقىغان بۈيۈك خىزمەتلەرنى قىلدى. تەپسىر، ھەدىس، فىقھە قاتارلىق ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە تەتقىقات ۋە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئىسلام تارىخى، ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپى، ئۇيغۇر ئىسلام ئەدەبىياتى، ئەرەب ئەدەبىياتى، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. تەرجىمە قىلغان ۋە تۈزگەن ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ساھەسىنىڭ ئابىدىلىرىگە ئايلانغان بولسا، ئۆزى مۇدىر بولغان مەزگىلدە يېتىشتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتىنىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىنىڭ دىنىي تۈۋرۈكلىرىگە ئايلاندى. داموللام مۇستەملىكە تۈزۈلمە ئىچىدىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق پۇرسەت، يوچۇقلارنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن بايقىدى ۋە چىڭ تۇتتى. ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە مىللەت مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. داموللامنىڭ بۇ جەھەتتىكى پاراسىتى ۋە يىراقكۆرەرلىكى، ئەمەلىيەتچانلىقى بىز ئۆگىنىدىغان، بولۇپمۇ ئارىمىزدىكى ھېچ ئىش ياراتمايدىغان، ئەمما ھېچ ئىش قىلمايدىغان كىشىلەر تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك تەرىپىدۇر.

داموللام ئۇرۇمچىدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن باشقا، ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىمۇ ئىسلام دىنى كۇرسلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان، كۆپ يول ماڭغان ئىدى. گەرچە بۇ ئىش تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، بۇ تىرىشچانلىقنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىك كېرەك. چىقىرىلغان نۇرغۇن كىتابلارمۇ ئۇنداق ئاسان بولغان ئەمەس، شۇ ھۆرمىتى بۈيۈك ئالىمىمىز ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى قايرىپ قويۇپ، تالاي باشلىقلارنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ تۇرۇپ، سوغۇق گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ھارماستىن،

① تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋايىسماستىن يول مېڭىپ چىقارغان كىتابلاردۇر. ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغاچقا، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغاچقا ئاسان قىلالايدۇ دەپ ئويلىغىلىش بەكلا ھەقسىزلىقتۇر، بۇ كوچىدا مېڭىپ باققانلار كىتاب چىقىرىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە مانا مۇشۇ تەپسىلاتلار بىزگە داموللامنىڭ ھاياتىنىڭ ھەقىقەتەن دىن، مىللەت ئۈچۈن تولۇقى بىلەن ئاتالغان ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە يېتەرلىك. خۇددى ئەنگىلىيەلىك مەشھۇر ئىسلام دەۋەتچىسى يۇسۇپ ئىسلام (كات ستۇۋېن) «ھازىر ھەممىمىز قوشۇمچە ۋاقتىمىز، ئېشىنچە ئىقتىسادىمىز بىلەن دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىمىز» دېگەنىدەك، بىزمۇ دەل دۇكىنىمىزنى تاقىغان، ئىشتىن چۈشكەن، بىكار بولغان، ۋاقتىمىز چىققاندا ئاندىن دىن، مىللەتنىڭ خىزمىتى، غېمى ئېسىمىزگە كېلىۋاتقان بۇ ۋاقىتتا، داموللام ھەممىمىز ئۈچۈن نومۇستىن تىكىلىپ قارىيالمىغىدەك، يۈزلىرىمىز قىزىرىپ ئۇيالغىدەك بىر ئۈلگىدۇر. ئەگەر ئارىمىزدا داموللامدەك ھاياتىنى ئاتىغان كىشىلەر كۆپرەك بولغان بولسا ئىدى، بەلكىم ھازىرقى ھالىمىز ھازىرقىدەك بولماس ئىدى دەپ پەرەز قىلساق خاتالاشمايمىز.

نۇرغۇن كىشىلىرىمىزگە نىسبەتەن ئىلىم تەلەپ قىلىش پەقەت مەكتەپتىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان، مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن ئاخىرلىشىدىغان بىر جەريان، ئۇستازدىن، مەكتەپتىن ئايرىلسىلا ئوقۇشمۇ توختاپ قالىدىغان تالىبۇلئىلىملەر كۆرىمىز، ھەتتا ئۆلىما ئاتالغان كىشىلەرمۇ، دەرسلىك پروگراممىسىدىكى كىتابلار تامام بولسىلا ئىلىم ھاسىل بولدى دەپ قاراپ، داۋاملىق ئۆزلۈكىدىن كىتاب ئوقۇش، ئىزدىنىشتىن مەنزىلگە يېتىپ بولغان مۇساپىر سەپەردىن ۋاز كەچكەندەك ۋاز كېچىشىدۇ. ھالبۇكى، چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن ئىلىم سەپىرىدە، يەتكەندىن كېيىن يەنە ئىزدەنمىسەكمۇ بىزگە بىر ئۆمۈر يېتەرلىك بولىدىغان مۇئەييەن بىر مەنزىل يوقتۇر. ئەتراپىمىزدىن يېشى ئەمدى ئوتتۇزغا كىرگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىشنىڭ گېپى چىقسا: يېشىمىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەستە تۇتۇشىمىز ناچارلاپ كېتىپتۇ، مەن ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن، كىتاپ ئوقۇساملا ئۇيقۇم كېلىدۇ، دەيدىغان ئوماق باھانىلەر بىلەن ئۆزىنى ئالداپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. مۇشۇ يەردە ئۆگىنىشكە بىر چارە ئىزدىمەستىن، ئۆگەنمەسلىككە مىڭ باھانە ئىزدەيدىغان، بەدىنى قېرىشتىن بۇرۇن روھى قېرىپ كەتكەن قېرىنداشلاردىن شۇنداق بىر سوئالنى سورىغۇم كېلىدۇ. ناۋادا شۇ تاپتا سىز ۋەتەندە بولۇپ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا قىزىل شوئارلارنى يادلاشقا، خىتايچە، باشقا ساناقسىز قانۇن ـ قائىدە، ئۇزۇندىلەرنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلانسىڭىز، ئۇلارغىمۇ يۇقىرىقى باھانىلىرىڭىزنى سۆزلىيەلەمسىز؟ كاللامغا چۈشمىدى، چۈشىنەلمىدىم، يادلىيالمىدىم

دېيەلەمسىز؟ ئەلۋەتتە ياق! سىز سەممىيلىك بىلەن مۇشۇ مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلسىڭىزلا، ئۆزىڭىزنى قانداق بەزلەپ، قانداق ئالداۋاتقىنىڭىزنى ئېتىراپ قىلىسىز. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ پۈتۈن ھايات باسقۇچلىرىدا ئۆگىنىش ئىقتىدارى بارلىقىنى بىلگەنلىكتىن بىزنى ئىلىم تەلەپ قىلىشقا بۇيرىغان، شۇنداقلا بۇ بۇيرۇقنى ھېچبىر يەردە زامان، شارائىت قاتارلىق تاشقى ئامىللارغا باغلاپ قويمىغان.

داموللامنىڭ ھاياتى بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە ئىلىم بىلەن ئۆتكەن، ئىلىمگە ئاتالغان ھاياتتۇر. بۇنى تەرجىمىھالىنى ئوقۇساقلا ئېنىق ھېس قىلىمىز. داموللامنىڭ تالىپلىرىدىن ۋە ئەڭ يېقىنلىرىدىن بىرى بولغان مۆتىۋەر ئۇستاز مۇھەممەد ئابدۇللا ھاجىم (ھازىر خىتاي تۈرمىسىدە، 18 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان) بىر قېتىم ماڭا داموللامنىڭ ماشىنىدا ئولتۇرغان چاغلاردىمۇ كىچىك كىتابچىلىرىنى چىقىرىپ بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ، يادلاپ ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ چاغلىرىدا ئاللىبۇرۇن 70 تىن ئاشقان ۋاقىتلىرى ئىدى. بۇ تەپسىلاتتىن بىز داموللامنىڭ باشقا ۋاقىتلاردا قانچىلىك كۆپ ئوقۇيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ياكى بىز داموللام يەتكەن ئىلمىي سەۋىيەدىنلا، ئۇنىڭ قانچىلىك تىرىشىپ ئوقۇغان، ئىلىمگە ئۆزىنى قانداق دەرىجىدە ئاتىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. تىل ئۆگەنگەن كىشىگە ئايانكى، مەلۇم چەتئەل تىلىدىكى ئەسەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەنلىكنى بىلدۈرسە، شۇ تىلدا شۇ تىلنىڭ ئەھلى ھەيران قالغۇدەك ئەسەر يېزىش، بولۇپمۇ شېئىر يېزىش بەلكىم ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. بىز بۇنى داموللامنىڭ چەتئەللەردىكى يىغىنلاردا ئوقۇغان شېئىرلىرىغا بېرىلگەن باھالاردىن كۆرەلەيمىز. مىسىرلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئەنۋەر جۇندىيمۇ داموللام بىلەن كۆرۈشكەندە، ھەيرانلىقىدىن داموللامدىكى تىل سەۋىيەسىنى «بۇ بىر مۆجىزە» دەپ سۈپەتلىگەن ئىكەن. بولۇپمۇ ئەرەب تىلىنى ئەرەب ئەللىرىدە ئەمەس، بەلكى ئەرەب تىل مۇھىتىدىن شۇنچە ئۇزاق، ئۆگىنىش شارائىتى شۇنچە ناچار بىر يەردە ئوقۇپ بۇنداق يۈكسەك سەۋىيەگە يېتىش ئادەمدىن ئىشەنگۈسىز تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. ھىندىستانلىق مەشھۇر ئالىم ئەبۇلھەسەن نەدەۋىينىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپلىشىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەردىن مەھرۇم قالدى؟» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ مۇھەررىرى يازغان كىرىش سۆزىدە ئەبۇلھەسەن نەدەۋىينىڭ ئوتتۇز يېشىدىلا بۇنداق يۇقىرى سەۋىيەدىكى بىر كىتابنى ھاياتىدا بىر قېتىممۇ ئەرەب دۆلەتلىرىگە چىقىپ باقماي تۇرۇپ، بىرمۇ گرامماتىكىلىق خاتالىق سادىر قىلماستىن يازالىغانلىقىغا ئىشىنەلمىگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. دېمەككى، يات بىر تىلنى ئۆگىنىپ،

يۈكسەك بالاغەتلىك، پاساھەتلىك سەۋىيەدە ئەسەر يېزىش قوشۇمچە تىرىشچانلىق، مۇنداقلا كىتاب ئوقۇپ قويۇش بىلەن يەتكىلى بولىدىغان پەللە ئەمەس.

داموللام ئەرەبچە، فارسچە، خەنزۇچە تىللارنى پىششىق بىلىپلا قالماستىن يەنە ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان تۈركىي تىللىرىدىن بىمالال پايدىلىنالايتتى. نوقۇل ئەرەبچە كىتابلارنىلا ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان، نۇرغۇن ئەھلى ئۆلىمالار تۇتۇپمۇ قويمايدىغان بارلىق كىتاب، ژۇرناللارنى ئوقۇپ تۇراتتى. ئۇيغۇر كلاسسىك، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى دېگەنلەردىن پىششىق خەۋىرى بار ئىدى. داموللامنىڭ تەرجىملىرى، يازغان ماقالىلىرىنىڭ تىلىدىنمۇ ئانا تىلنى قانچىلىك پاساھەتلىك بىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئالىممىزنىڭ بۇ تەرىپى ئانا تىلغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان نۇرغۇن ئەھلى ئىلىملەر ئۈچۈن بۈيۈك بىر ئۆرنەكتۇر. ئۇيغۇر تارىخى تېمىسىدىكى كىتابلارنى قويماي دېگىدەك ئوقۇپ ماڭاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام تارىخى تېمىسىدا يىرىك ئەسەر پىلانلىغان ئىدى.

ئالىممىز ھاياتىنى ئىنچىكە پىلانلاپ ئۇنۇملۇك ئۆتكۈزگەن ئىدى. بۇ خىل ئادەتنى بىزدە ئىنتايىن كەمچىل دېيىشكە بولىدۇ. ئالىمنىڭ دېيىشىچە قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە قىلغاندا، ھەر كۈنى مۇقىم ئون ئىككى سائەت ئىشلىگەن ئىكەن، ئون بىر سائەت ئىشلەپ قالغان كۈنلىرىنىڭ ئەتىسى ئون ئۈچ سائەت ئىشلەپ تولۇقلاپ ماڭغانىكەن. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ كۈندە ئاز دېگەندە ئون سائەتتىن يۇقىرى ئوقۇش، ئىزدىنىش بىلەن كۈننى ئۆتكۈزگەن. مانا مۇشۇنى ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، خىجىللىقىمىزدىن يۈزلىرىمىز بويىنىمىزدىنمۇ ئۆتۈپ، گەدەنلىرىمىزگىچە قىزىرىپ كېتىشى كېرەك. ئەسلى ئىسلام مۇسۇلماندىن يېتىشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان روھ دەل مانا مۇشۇنداق ئىنتىزامچان، ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان ھەرىبىيچە روھتۇر. ھازىر، چىڭ ئولتۇرۇپ ئىككى سائەت ھېچنىمىگە قارىماي، تېلېفونىنى ئاچماي، ئۈچۈرلارغا جاۋاپ قايتۇرماي كىتاب ئوقۇيالايدىغان قانچىلىك ئادەم قالدى؟ رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى ئاز بولسىمۇ ئۇزۇلۇپ قالمىغىنى»[1] دېگەن ھەدىسى ماھىيەتتە بىزدىن ياخشى ئىشلارنى ئىزچىل قىلىپ تۇرىدىغان تۇراقلىق بىر ئادەت يېتىلدۈرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەت دېگىنىمىز، ئەمەلىيەتتە دەل ھاياتىمىزدا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، ئىزچىللىققا ئايلانغان ئىشلاردۇر. كۈندە ئوقۇيدىغان بەش ۋاقىت نامىزىمىزمۇ بىزدە ۋاقىتچانلىق، ئىنتىزامچانلىق شەكىللەندۈرگىنى يوق. كۆپىنچىمىزنىڭ كۈندىلىك ۋاقتىمىز پىلانلانمايدۇ، ئىشلىرىمىز ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ، دائىم تەرەپبال

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىشلار بىلەن بىشىمىز قايغان، پۇتىمىز تايغان تەرزدە كېتىۋېرىمىز. ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە بېكىتكەن بىر تۈزۈمى يوق. شۇڭلاشقىمۇ ھاياتىمىز بەرىكەتسىز، پىسخىكىمىزمۇ نورمالسىز ئۆتتۈۋاتىدۇ. داموللامنىڭكىدەك تۈزۈمچان ھاياتتىن ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ نەتىجىلەر چىقىدۇ. بىر مۇئمىن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىمانى ئۇنىڭ ماڭىدىغان يولىنى، قىلىدىغان ئىشىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە، ھاياتىنى تەرتىپلەشكە يېتەرلىكتۇر. چۈنكى مۇئمىننىڭ ئىمانى ئۇنىڭ ھايات نىشانىنى، كۈندىلىك ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ. كۈندىلىك ھاياتىدىن مەنىسىزلىك ھېس قىلىۋاتقان، ئۈمىتسىزلىنىۋاتقان، زېرىكىۋاتقان، قىلىدىغان ئىشىنى تاپالمايۋاتقان نۇرغۇنلىغان قىزغىن مۇسۇلمانلاردىن ھەيران بولماي ئامال يوق. ئەگەر ئىماننىڭ يولۇڭنى يورۇتۇپ بېرەلمەيۋاتقان بولسا، ئۇ ھالدا ئىمانىڭ ھەققىدە ئويدانراق ئويلىنىشىڭ كېرەك. كېچىدە قولىمىزدا قولچىراق تۇرۇپمۇ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيۋاتقان بولساق، چاتاق چىراقتا ئەمەس، بەلكى يورۇقتىنىمۇ كۆرەلمەيۋاتقان كۆزىمىزدە.

ئالىمنىڭ ھاياتىدىن ئالىدىغان يەنە بىر مۇھىم دەرسىمىز شۇكى، ئالىم ئۆزىنىڭ دىن ۋە مىللەتكە ئاتالغان ھاياتى بىلەن بىزگە بىر ئادەمنىڭ ھەم مۇسۇلمان، ھەمدە ئۇيغۇر بولۇپ تۇرۇپمۇ، ھەم ئىسلامغا، ھەم مىللەتكە خىزمەت قىلالايدىغانلىقىنى ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى. بۇنى ئاتايىن تەكىتلەشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىسلامنىڭ ئۇممەت غايىسى بىلەن مىللەت چۈشەنچىسىنى خاتا چۈشىنىۋالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن ئاتالغۇنى ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلماسلىق؛ ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلماسلىق دەپ تامامەن بىر ـ بىرىگە مۇتلەق زىت ئۇقۇمغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى، مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمىدى. مانا مۇشۇ چۈشەنچە سەۋەبىدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدا ئاۋۋال ئۇيغۇرنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمايدىغان، ھەتتا شۇنداق قىلىش كېرەك دېگەنلەرنى ئازغۇن، مىللەتچى دېگەندەك قالپاقلار بىلەن ئۇجۇقتۇرىدىغان تەتۈرلۈك مەيدانغا كەلدى. بۇ ھەقتە ھازىرچە ئۇزۇن توختالمايمەن. ئەمما گېپى كەلگەندە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىسلامىي خىزمىتى ئاۋۋال ئۆز مىللىتىگە قارىتىلىدۇ. بۇ ھەم ئىسلامىي، ھەم ئىنسانىي تەقەززادۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ چىدىغۇسىز زۇلۇملىرى سەۋەبلىك، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قىرىققا يېقىن قەبىلىگە بېرىپ ھىمايىسىگە ئېلىشنى ئىستىگەن، يەنى ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن بىر ئەمىن تۇپراق ئىزدىگەن.

www.uyghurkitap.com

مەدىنىدىكى ئەرەبلەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن پەقەت قىزىل دېڭىزنىڭ يەنە بىر قىرغىقىدىكى ھەبەشىستان ئۇلارغا قۇچاق ئاچقان، رەسۇلۇللاھمۇ نەجاشىنى «باشقىلارغا زۇلۇم سالمايدىغان» پادىشاھ دەپ سۈپەتلەپ، ساھابىلەرنى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشقا بۇيرۇغان. ھەممىمىز بىلىكىم بۇ ئىككى قېتىملىق ھەبەشىستان ھىجرىتىنى بىلىمىز. ئەمما مۇنداق بىر سوئالنى ئويلاپ باقتۇقمۇ؟ بىخەتەر بىر قورغانغا شۇنچە ئېھتىياجلىق، قىرىققا يېقىن قەبىلىدىن پاناھلىق ئىستىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ساھابىلىرىنى ئەۋەتىدۇ، ـ يۇ ئادالىتىنى ئۆزى تەستىق ئەتكەن نەجاشىنىڭ قېشىغا ئۆزى ھىجرەت قىلمايدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ بىرلا جاۋابى بولۇشى ناتايىن. ئەمما رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋۋال ئۆزى ئەۋەتىلگەن، ئۆزى تەۋە بولغان مىللىتى ئەرەبلەرنى تاشلاپ كەتمىگەنلىكى ئېنىق بىر پاكىت. بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئويلىنىشىمىز كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىر ئۇيغۇر مۇسۇلماننىڭ ئىسلامىي خىزمىتى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىگە قانچىلىك خىزمەت قىلالىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكىدەك ھايات ـ مامات پەيتلىرىدە تېخىمۇ شۇنداق!

قىسقىسى، ئالىمنىڭ ھاياتى بۈيۈك نىشان ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان بىر مۇجاھىدنىڭ ھاياتىدۇر. ئۈنۈم، بەرىكەتكە تولغان ھاياتتۇر. ئالىم ئۆز ھاياتى بىلەن بىزگە ئەلەم بىلەنلا ئەمەس، قەلەم بىلەنمۇ شەھىد بولغىلى بولىدىغانلىقىنى، تىرىك تۇرۇپمۇ ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيۋاتقان ساناقسىز مۇسۇلمانلارغا، ھاياتىدا ئىلىم بىلەن، ئۆلۈمىدە بولسا قىممىتى بىلەنمۇ خىزمەت قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇيغۇرلار مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن بۇنداق ئورتاق يىغلاپ باقمىغىلى بەكلا ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتكەنىدى. ئاللاھ شەھىدىمىزنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق، بىزگە زادى قانداق ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي كېرەكلىكىنى، قانداق كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ تەستىقىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى، ھاياتىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلدۈرۈپ قويدى. ئالىمىمىز ھاياتىدىمۇ، ئۆلۈمىدىمۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلالىدى. ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات بارمۇ؟

﴿ئېيتىڭكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟﴾.



# «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى يەتكۈزۈشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوق» دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

بەزى ھەدىس ئىنكارچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش پەقەتلا قۇرئاندىن يەتكۈزگەنلىرىدە بولىدۇ، سۈننەتتە بولمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى يەتكۈزۈش، قۇرئانغا قوشۇمچە ھەدىس بايان قىلىش ئەمەس دەپ قارايدۇ.

(تۆۋەندە ″قۇرئان ۋە ھەدىس″ دېگەننى ئەرەب ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستىلاھى بويىچە ″كىتاب ۋە سۈننەت″ دەپ ئالىمىز)

ھەدىس ئىنكارچىلىرى بۇ سەپسەتىلىرىگە مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر»[1] دېدى. يەنە: «پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار»[2] دېدى.

بۇ ئىككى ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرنىڭ پەقەت ئۆزىگە ۋەھيى قىلىنغان قۇرئاننى يەتكۈزۈشتىن باشقا ۋەزىپىسىنىڭ يوقلىقىنى بايان قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، پەيغەمبەرگە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەمەس ئۇ يەتكۈزگەن قۇرئانغا بولىدۇ.

---

[1] سۈرە شۇرا: 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نۇر: 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلار قۇرئاندا كەلگەن «رەسۇل» سۆزىدىن مەقسەت قۇرئاندۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ۋەھيىگە ئەگىشىشنى بۇيرىدى. ئۇ بولسىمۇ قۇرئان كەرىمدۇر. پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە ياكى سۈننىتىگە ئەگىشىشكە بۇيرىمىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «مۇھەممەدكە چۈشۈرۈلگەن نەرسىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر.»[1] يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەرگە رەببىڭلار تەرەپىدىن چۈشۈرۈلگەن نەرسىنىڭ ئەڭ گۈزىلىگە ئەگىشىڭلار.»[2] بۇ ئايەتتە ئەڭ گۈزىلىگە ئەگىشىشكە بۇيرىدى، قۇرئان سۈننەتتىن گۈزەلدۇر. بۇ ئايەتلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، قۇرئان بار يەردە سۈننەت ھۆججەت بولالمايدۇ. ئۇلار بۇ سۆزلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ھۆججەت قىلىشقا قارشى تۇرماقچى.

بۇ سەپسەتىگە مۇنۇ شەكىلدە رەت قايتۇرىمىز:

**بىرىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇلغان تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسى قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىشلا ئەمەس؛ بەلكى تەبلىغ، قۇرئان ۋە سۈننەت بىلەن بولىدۇ.**

چۈنكى تەبلىغ يەنى ئاللاھنىڭ ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشنى، بايان قىلىشنى، تەپسىلي چۈشەندۈرۈشنى ۋە ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. سۈننەتنىڭ قىلىدىغىنى مانا مۇشۇ ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش ۋە قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرنى قانداق ئىجرا قىلىشنى ئۆگىتىش ۋە قۇرئاندا كەلمىگەن بەزى ھۆكۈملەرنى قانۇن قىلىپ بېكىتىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تاللاپ، ئۇنىڭغا ئۆز كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرگەن. بۇ قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان كەرىمنى ئىنسانلارغا بايان قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇغان. قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رولىنىڭ كىشىلەرگە قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى بايان قىلىش، ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن ئايدىڭلىققا چىقىرىش، ئۇلارنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار. مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشتا سۈننەتكە تايىنىپ قىلماقتىن باشقا يول يوق. بۇنىڭ بەزى دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ

[1] سۈرە مۇھەممەد: 2 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇمەر: 55 ـ ئايەت.



www.uyghurkitap.com

ھەممىنى يەتكۈزگىن.»[1] بۇ يەردە ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھقا بۇيرۇغان يەتكۈزۈش ئومۇمىي بولۇپ، ئىنسانلار ھازىر ۋە كېلەچەكتە، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا مۇھتاج بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى يەتكۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتكۈزگەن ئىشلىرى بىزگە ئىككى ۋەھيى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن: بىرى تىلاۋەت قىلىنىدىغان ۋەھيى بولۇپ ئۇ قۇرئان كەرىمدۇر. يەنە بىرى تىلاۋەت قىلىنمايدىغان[2] ۋەھيى بولۇپ، ئۇ ھەدىس شەرىفلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ ۋەھيى ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.»[3]

بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنىڭ ۋەھيى ئىكەنلىكىنى قەتئىي بىر شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بولسا ھەدىسلەردۇر.

ئاللاھ تائالا ھەدىسنىڭ ۋەھيى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ساڭا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى نازىل قىلدى.»[4]

يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى نەرسە چۈشۈردى: بىرى كىتاب ـ ئۇ بولسىمۇ قۇرئان كەرىم، يەنە بىرى ھېكمەت ـ ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى. بۇ ئايەتنى سەلەف ئالىملار مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان.[5]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى بايان قىلىپ بەرسۇن. ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق.»[6]

بۇ ئايەتتە بۇيرۇلغان «بايان قىلىش»، «ئى پەيغەمبەر! رەببىڭدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى يەتكۈزگىن»[7] دېگەن ئايەتتىكى «يەتكۈزۈش» ئەمەس. دېمەك، بۇ ئىككى ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «يەتكۈزۈش» ۋە «بايان قىلىش» تىن ئىبارەت ئىككى

[1] سۈرە مائىدە: 67 ـ ئايەت.

[2] ئوقۇلىدىغان ۋەھيى (وحي متلو) ـ يەنى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بەرگەن ئوچۇق ۋەھيى. ئۇنى ئوقۇپ ئىبادەت قىلىنىدىغان ۋەھيى. ئۇ بولسىمۇ قۇرئان كەرىمدۇر. ئوقۇلمايدىغان ۋەھيى (وحي غير متلو) ـ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن، ئۇنى ئوقۇپ ئىبادەت قىلىنمايدىغان ۋەھيى. بۇنى ھەدىس ياكى سۈننەت دەيمىز.

[3] سۈرە نەجم: 3 ـ ۋە 4 ـ ئايەت.

[4] سۈرە نىسا: 113 ـ ئايەت.

[5] بۇ ھەقتە مۇنۇ تەپسىرلەرگە قاراڭ: روح المعاني. للآلوسي، دار إحياء التراث العربي–بيروت: (144/5) التحرير والتنوير. لابن عاشور، دار سحنون–تونس: (197/5)

[6] سۈرە نەھل: 44 ـ ئايەت.

[7] سۈرە مائىدە: 67 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋەزىپىسى بارلىقى مەلۇم بولىدى. ھەر ئىككى ۋەزىپىنىڭ تېمىسى قۇرئان كەرىمدۇر. يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان ئايەتتە «رەببىڭدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى» دېدى. بايان قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتتە «ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى» دېدى. بۇ ئىككى ئايەتتىكى پەرق ئىككى ۋەزىپىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىدىن كېلىدۇ.

تەبلىغ يەنى يەتكۈزۈش ـ ۋەھيىنى كەم ـ زىيادە قىلماستىن ۋە ئۆزگەرتمەستىن يەتكۈزۈشتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن يەتكۈزۈش بۇيرۇغان ئايەتتە «ساڭا چۈشۈرۈلگەن» دەپ كەلدى.

«بايان قىلىش» ـ بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ مۇرادىنى چۈشىنىپ تەتبىقلىشى ۋە ئۇنىڭغا توغرا ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن ۋەھيىنى ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ مۇرادىنى ئېچىپ بېرىشتۇر. ئىنسانلار ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈلگەن ئەمر ـ پەرمانلارنى توغرا چۈشىنىشكە، ئۇنى ھاياتىدا تەتبىقلاشقا مۇھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەندىلەرگە يەتكۈزگەن ۋەھيىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت ئىككىنچى بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بايان قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتتە «ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن» ئىبارىسى كەلدى. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بايانلىرىمۇ بىلدۈرۈلگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتلەرنى بايان قىلىشتا ئۆزىنىڭ خاھىشى بىلەن قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىلھام قىلغان بايانلار بىلەن قىلىدۇ. «ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ»[①] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان نەرسىلەردىن بىرەرسىنى يوشۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، يەتكۈزگەن نەرسىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بەرمەستىن تاشلاپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئىنسانلارنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشىنىشتىكى ئوخشاشماسلىقى، بەزىلەرنىڭ توغرا، بەزىلەرنىڭ خاتا چۈشىنىشى، توغرا چۈشەنگەنلەرنىڭمۇ توغرىلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، قۇرئاننىڭ بايان قىلىنىشقا قانچىلىك مۇھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئەڭ توغرا چۈشەندۈرىدىغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر.

دېمەك، بۇ ئايەتلەر سۈننەتنىڭ چوڭ بىر قىسمىنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئۇ سۈننەت قۇرئاندا چۈشىنىش قىيىن بولۇپ قالغان يەرنى ئىزاھلايدۇ، ئومۇمي كەلگەن

---

① سۈرە نەجم: 3 ـ ۋە 4 ـ ئايەت.

ئىپادىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئايەتلەرنى بايان قىلىش ۋەزىپىسىمۇ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈكلىگەن ۋەزىپىدۇر. ھەقىقەت مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، قۇرئاننى ئۇنىڭ ئىزاھاتى بولغان سۈننەتتىن يالىڭاچلىۋېتىش مۇمكىنمۇ؟ قۇرئاننىڭ بايانى بولغان سۈننەتنى ئىنكار قىلىش، قۇرئاننىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ئۇسۋە ھەسەنە» يەنى ياخشى ئۈلگە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشىنى پەرز قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەرگە ــ ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»[1]

يەنە مۇنداق دېدى: «ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى پاكلايدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى.»[2] ئاللاھ تائالا بۇ يەردە بۇ ئۈممەتكە ئۆز ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ پەيغەمبەر پەقەت قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈنلا كەلمىدى، بەلكى بۇ ئۈممەتنى پاكلاش، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنى بايان قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۈممەتنى تەربىيەلەيدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆگىتىدۇ. بۇ تەربىيەلەش ۋە ئۆگىتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ تەربىيەلەش ۋە ئۆگىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلايدۇ ۋە قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن يەنە بىرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر! سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ ساڭا كۆرسەتكىنى (يەنى بىلدۈرگىنى) بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق.»[3]

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەنە بىر ۋەزىپە يۈكلىدى، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا قۇرئان كەرىمدە كەلگەن قانۇنلارنى ئەمەلىي تەتبىقلاش ۋە قۇرئاندا

[1] سۈرە ئەھزاب: 21 ــ ئايەت.
[2] سۈرە ئالى ئىمران: 164 ــ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا: 105 ــ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلمىگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلھام قىلىشى بويىچە ھۆكۈم قىلىشتۇر. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا قۇرئاننى يەتكۈزۈپ قويۇش ئەمەستۇر.[①]

ئاللاھ تائالا كۆپلىگەن ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا ئوخشاش پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. بىز بۇ يەردە پەقەت بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز: «ئى ئىمان كەلتۈرگەن زاتلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، بۇ پەيغەمبەرگە ۋە سىلەردىن بولغان باشلىقلارغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.»[②]

بۇ ئايىتى كەرىمىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت قۇرئان كەرىمنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى بايان قىلىنماقتا. بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارغا بويسۇنۇش پەرز بولغان ئىككى ئىتائەتنىڭ باشقا ـ باشقا بولغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ـ ئۇنىڭ كىتابىدىكى ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ـ ئۇنىڭ قۇرئان كەرىمدە كەلمىگەن ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىشتۇر. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىش قۇرئاننىڭ ئەمرىدۇر.

بۇ ئايەت يەنە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلمىغۇچە مۇئمىن بولالمايدۇ. ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئىجرا قىلغان ئىشلىرى، بەرگەن ھۆكۈملىرى، بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلىرىدۇر. بۇ ئىسلامدا ئېنىق مۇئەييەنلەشكەن بىر ئىش بولۇپ ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان

---

[①] رد شبهات حول عصمة النبي صلى الله عليه وسلم، د. عماد السيد الشربيني. مطابع دار الصحيفة، القاهرة، 1 ـ باسمىسى، 2003 ـ يىل. 350 ۋە 357 ـ بەتلەر.

[②] سۈرە نىسا: 59 ـ ئايەت.

بولمايدۇ.»[1]

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قانۇن چىقىرىش» ھوقۇقىنى بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۈممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ‹ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۈممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار›.»[2]

بۇ ئايىتى كەرىمە ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇش بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا، ھۆكۈملىرىگە ۋە قىلغان ئىشلىرىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلمىغان كىشىنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ.

بۇ ئايەت يەنە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ «ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ» دېدى. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ھالال قىلىش ۋە ھارام قىلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتتى. قۇرئاندا كەلگەن ھالال ـ ھارام بىلەن ھەدىستە كەلگەن ھالال ـ ھارام ئوتتۇرىسىدا پەرق يوقتۇر. ھەر ئىككىسىگە ئەمەل قىلىش ئوخشاشلا پەرزدۇر. مەن مۇسۇلمان دېگەن ئادەمنىڭ "قۇرئاندىكى ھالال ـ ھارامغا

[1] سۈرە نىسا: 65 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەئراف: 157 ۋە 158 ـ ئايەتلەر.

ئەمەل قىلىمەن، ھەددىستىكى ھالال ـ ھارامغا ئەمەل قىلمايمەن″ دېيىش ھەققى يوقتۇر. بۇنداق دېگۈچى دىندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا «پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە بەرگىنىنى ئېلىڭلار، ئۇنىڭ سىلەرنى توسقىنىدىن يېنىڭلار» دېدى.①

بۇ ئايىتى كەرىمە شەرىئەتنى بىرلا مەنبەدىن ئېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۈممەتكە يەتكۈزگەن ۋەھيىلىرىدۇر. بۇ ۋەھيىلەر قۇرئان ۋە ھەددىستۇر. ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.»②

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئايىتى كەرىمەلەردىنپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەددىسىدىن بىھاجەت بولۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ۋە قۇرئاننى ھەددىستىن ئايرىشنىڭ قۇرئانغا ئىنكار قىلغانلىق بولىدىغانلىقى ئايدىڭلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام شافىئى مۇنداق دېگەن: ″ئاللاھ تائالانىڭ پەرزلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىمۇ قوبۇل قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىشنى پەرز قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتئەمرىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ.③

مانا مۇشۇنداق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرۇق مۇبەللىغ (قۇرئاننى يەتكۈزگۈچى) لا ئەمەس، بەلكى قۇرئاننى يەتكۈزگۈچى، بايان قىلغۇچى، شەرھىلىگۈچى ۋە تەپسىلىي ھۆكۈم چىقارغۇچى ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمدە تەكرار ـ تەكرار تەكىتلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ رولىنى ئۇنىڭ ھەددىسلىرى ئىجرا قىلىدۇ.

دېمەك، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى ئىزاھلاش ۋە ئومۇمىي يەرلىرىنى خاس قىلىش، ئىخچام جايلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەددىسلىرىگە مۇھتاج؛ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا چارە يوق. ئۇنداقتا قانداقمۇ ″پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت قۇرئاننى يەتكۈزۈپ قويۇش، ھەددىسكە ھاجەت يوق″ دېيەلەيمىز؟!

### ئىككىنچى: قۇرئان كەرىمدە

① سۈرە ھەشر: 7 ـ ئايەت.
② سۈرە نەجم: 3 ـ ۋە 4 ـ ئايەتلەر.
③ ئەررىسالە: ئاپتورى ئىمام شافىئى. ئەھمەد شاكىر تەھقىق قىلغان. بېيرۇتتا بېسىلغان، 33 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئايەتلىرىدىن باشقا ۋەھيىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئوچۇق دەلىللەر بار.**

بۇ دەلىللەرنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىلەر:

1 ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئەخمەق كىشىلەر: «ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ». شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ (يەنى قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى) ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامازىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن...»[1]

بۇ ئايەتنى كەرىملەر مۇھىم ئىككى ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچىسى ـ بەيتۇلمۇقەددەس مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرۇنقى قىبلىسى بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىنچى قىبلىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭ قىبلە بولۇشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ نامازئوقۇشقا بۇيرۇلغان. يۇقىرىدىكى ئايەتتىكى«سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ

[1] سۇرە بەقەرە: 142 ـ 143 ـ ۋە 144 ـ ئايەتلەر.

كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى» دېگەن سۆز ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچىسى - بىرىنچى قىبلە خۇددى ئىككىنچى قىبلىگە ئوخشاش ئاللاھ تائالا تەرەپتىن بەلگىلەنگەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا «سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى»دەپ، بىرىنچى قىبلىنى قىبلە قىلغانلىقنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلدى.

بىز قۇرئان كەرىمگە باشتىن ئاخىرى مۇراجىئەت قىلىپ بۇ بىرىنچى قىبلىگە يۈزلىنىشنى بۇيرۇغان ئايەتنى تاپالمايمىز. دېمەك، بۇ بىرىنچى قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش ئەمرى باشقا بىر ۋەھيى بىلەن كەلگەن. ئۇ بولسىمۇ ھەدىستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە بەيتۇلمۇقەددەسنى قىبلە قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەت يوق.

2 ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەرنىڭ مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىدىن كەسكىنىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرغىنىڭلار، ھەممىسى ئاللاھ بەرگەن رۇخسەت بىلەن بولغاندۇر.»[①] ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ خورمىلىرىنىڭ كېسىلىشى ئۆزىنىڭ رۇخستى بىلەن بولغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ خورمىزارلىق كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن چۈشكەنلىكى ئېنىق. ئايەتتىكى ”كەسكىنىڭلار“ ۋە ”ئۆز پېتى قالدۇرغىنىڭلار“ دەپ ئۆتكەن زامان پېئىلى ئىشلىتىشمۇ بۇ ئايەتنىڭ بولۇپ بولغان ئىش ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز قۇرئان كەرىمنى باشتىن ئاخىرى ئاقتۇرۇپ، خورمىلارنىڭ كېسىلىشىگە رۇخسەت بەرگەن ئايەتنى تاپالمايمىز. رۇخسەتنىڭ ئىشتىن كېيىن بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بىر ئىشنى قىلىشقا بېرىلگەن رۇخسەت ئۇ ئىشتىن بۇرۇن بولۇشى لازىم. ئۇنداقتا بەنى نەزىرنىڭ خورمىلىرىنى كېسىشكە بېرىلگەن رۇخسەت قۇرئان ئايىتى بىلەن ئەمەس باشقا بىر ۋەھيى بىلەن بولغان بولۇپ، ئۇ ھەدىستۇر.

3 ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى، ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، ئاللاھ سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى). بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى). پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ

[①] سۈرە ھەشر: 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.uyghurkitap.com

قويغانلىقنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە): «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى، پەيغەمبەر: «ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ خەۋەر قىلدى» دېدى.»[1]

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ھەفسەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇنى خەۋەر بېرىشى قۇرئان ئايەتلىرى ئارقىلىق بولمىغان. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئايەت يوق. دېمەك، بۇنى قۇرئاندىن باشقا بىر ۋەھيى بىلەن خەۋەر بەرگەن، ئۇ بولسىمۇ ھەدىستۇر.

يۇقىرىدىكى مىساللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئايەتلىرىدىن باشقا بىر ۋەھيىنىڭ بېرىلگەنلىكىگە ئېنىق ۋە قەتئىي شەكىلدە دالالەت قىلىدۇ. بۇ بولسا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىسى يوق، ئۇنداق بولغان ئىكەن، پەيغەمبەرنىڭ قۇرئاندىن باشقا سۆزىگە ئەگىشىشكە بولمايدۇ» دېگۈچىلەرنىڭ بۇ قارىشىنىڭ باتىللىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۈچىنچى: پەيغەمبەرنىڭ تەبلىغ ۋەزىپىسى پەقەت قۇرئاننىلا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر، دېگۈچىلەر ئۆزىگە دەلىل قىلىۋالغان ئىككى ئايەتنى توغرا چۈشىنىش:**

بۇ ئىككى ئايەتنىڭ بىرى: «سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر.»[2] يەنە بىرى «پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.»[3]

بۇ ئىككى ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرىشكە، ئىمان ئېيتىشقا زورلاش ۋەزىپىسى يوقلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتنىڭ ئىچىدىن بۇ بىر جۈملىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپلا، ئۇنى پەيغەمبەرنىڭ قۇرئاننى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوقلۇقىغا دەلىل قىلىۋېلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى. بۇ ئايەتنى توغرا چۈشەنمىگەنلىك ۋە ئۇنى ئورۇنسىز يەرگە دەلىل قىلىپ ئىشلەتكەنلىك بولىدۇ. ئايەتنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ئايەتنى تولۇق ئوقۇپ ئۆتەيلى:

بىرىنچى ئايەت: «ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر كۈن كېلىشتىن بۇرۇن

[1] سۈرە تەھرىم: 3 ـ ئايەت.

[2] سۈرە شۇرا: 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە نۇر: 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار، بۇ كۈندە سىلەرگە قاچىدىغان جاي تېپىلماي قالىدۇ. (قىلمىشىڭلار نامە ـ ئەماللىڭلارغا يېزىقلىق بولغانلىقى، ئەزايىڭلار ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغانلىقى ئۈچۈن) سىلەر (ئۇنى) ئىنكار قىلالمايسىلەر.ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر...»[①]

بۇ ئايەتنى كەرىمنىڭ مەنىسى: ئى پەيغەمبىرىم! سەن مۇشرىكلارنى ئازاب كۈنى بولغان قىيامەت كۈنى كېلىشتىن ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار بۇ دەۋەتتىن يۈز ئۆرىسە، سېنىڭ چاقىرىقىڭنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىسا، سەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلغان بولىسەن. چۈنكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ تەبلىغ قىلىش، كىشىلەرنى زورلاپ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئەمەس. كىم دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتسا، جەننەتكە كىرىدۇ؛ كىم دەۋىتىڭدىن باش تارتسا، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق. سەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ. سېنىڭ ئۇلاردىن ھېساپ ئېلىش ياكى ئۇلارنى مەجبۇرلاش ۋەزىپەڭ يوق.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ ئايەتنىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا قۇرئاننى يەتكۈزۈشتۇر» دېگەن سەپسەتە بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. بۇ ئايەتتىن مەقسەت، ئىنسانلارنى دەۋەت قىلغاندىن كېيىن قوبۇل قىلمىغانلار ئۈچۈن ئۆزىنى بىئارام قىلماسلىق، كىشىلەر ئىمان ئېيتمىدى دەپ خاپا بولماستىن دەۋىتىنى ـ تەبلىغىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىشتۇر. «سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر»سۆزى «ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق»دېگەن سۆزنىڭ باياندۇر. يەنى سەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ، ئۇلار ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلمىسا بىز سېنى مەسئۇل تۇتمايمىز. چۈنكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ تەبلىغ قىلىش، ئىمان ئېيتقۇزۇش ئەمەس، دېمەكچى. چۈنكى «ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق» دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر تەبلىغ ۋە دەۋەت ياخشى ئادا قىلىنمىغان بولسا، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئىماندىن يۈز ئۆرىدى دېگىلى بولمايتتى.

ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننىلا يەتكۈزۈش،

[①] سۈرە شۇرا: 47 ـ ۋە 48 ـ ئايەتلەر.

دېگۈچىلەرنىڭ دەلىل قىلىۋالغان ئىككىنچى ئايەتكە كەلسەك، ئايەتنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق: «ئېيتقىنكى: «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتسا، پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار، سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.»[1]

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتسا، ئىتائەت قىلمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ قىلماسلىق تەبلىغ قىلىنغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى مەجبۇرلاپ ئىتائەت قىلدۇرۇش ۋەزىپىسى يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھىدايەت تېپىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ئۆزىنى ئۇپرىتاتتى ھەتتا ئۆزىنى ھالاك قىلىۋەتكۈدەك ھالەتكە كەلگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن.»[2] گويا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبىرىم! سەن ئۇلارغا ئېيتقىن ۋە كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تەكرار دەۋەت قىلغىن. ئەمما ئۇلارنى ئىمان ئېيتمىدى دەپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلمىغىن، چۈنكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ تەبلىغ قىلىش.

يۇقىرىدىكى ئىزاھاتلاردىن كېيىن مەلۇم بولدىكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ تەبلىغ قىلىش دەپ كەلگەن ئىككى ئايەتنى، پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا قۇرئاننى يەتكۈزۈش، ئۇنى سۈننەتتى بىلەن بايان قىلىش ئەمەس دەپ چۈشىنىش خاتا ۋە باتىلدۇر. بۇ ئىككى ئايەت ھەقىقەتتە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنىڭمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى رولىنى، پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە قانۇن چىقىرىشتىكى رولىنى ۋە قۇرئان كەرىمنى ئۆز سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىزاھلاش رولىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت قۇرئانىنىلا تەبلىغ

[1] سۈرە نۇر: 54 ـ ئايەت.

[2] سۈرە شۇئەرا: 3 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىسى يوق دېگۈچىلەر ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى قەستەن بۇرمىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئەقىدىلىرىگە دەلىل قىلىۋالغان. بۇ چوڭ جىنايەت بولۇپ، قۇرئاننى ئۆزگەرتىۋەتكەن بىلەن ئوخشاشتۇر.

## تۆتىنچى: قۇرئاندىكى «رەسۇل» سۆزىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنىغان.

سۈننەت ئىنكارچىلىرىنىڭ «قۇرئاندىكى «رەسۇل» سۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەمەس، قۇرئاننى مەقسەت قىلىدۇ» دېگىنى نە ئەقىل، نە ئايەت ۋە نە دىن قوبۇل قىلمايدىغان خاتا قاراشتۇر. چۈنكى قۇرئاندا كەلگەن «رەسۇل» سۆزىنىڭ ھەممىسىدە قۇرئان مەقسەت قىلىنىدۇ، دېسەك، ئايەتلەرنىڭ مەنىسى دۇرۇس بولمايدۇ. مەسىلەن: تۆۋەندە بىر نەچچە ئايەت ئۈستىدە ئويلىنىپ باقايلى:

1 ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد پەقەت رەسۇل (ئەلچى)دۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ رەسۇللەر (پەيغەمبەرلەر) ئۆتكەن.»[1] بۇ ئايەتتىكى «رەسۇل» سۆزىنى ئەقلى بار بىر ئادەم قۇرئان دەپ تەپسىر قىلامدۇ؟! ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: مۇھەممەد پەقەت قۇرئاندۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ قۇرئانلار ئۆتكەن دېگەن بولامدۇ؟

2 ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىم ئۆيىدىن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا (يەنى ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا) مۇھاجىر بولۇپ چىقسا، كېيىن يولدا ۋاپات قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى ئاللاھقا ئائىتتۇر. ئاللاھ بەك مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە تولىمۇ مېھرىباندۇر.»[2] بۇ ئايەتتە كەلگەن «رەسۇل» سۆزىنى قۇرئان دەپ تەپسىر قىلسا ئەقىلغا سىغامدۇ؟! ئۇنداق بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان بولمامدۇ؟

3 ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان ئېيتقان زاتلار! ئاللاھقا، ئۇنىڭ رەسۇلىغا، ئۇنىڭ رەسۇلىغا چۈشۈرگەن كىتابقا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى چۈشۈرگەن كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار.»[3] بۇ يەردىكى «رەسۇل» سۆزىنى قۇرئان دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھقا، ئۇنىڭ قۇرئانىغا ۋە ئۇنىڭ قۇرئانىغا چۈشۈرگەن كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار دېگەن بولمامدۇ؟ بۇ بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟!

بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر كۆپتۇر. دېمەك، قۇرئاندا كەلگەن «رەسۇل» سۆزىدىن قۇرئان مەقسەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئەمەس، دېيىش، ئەقىلنى يوقاتقان

---

[1] سۈرە ئالى ئىمران: 144 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا: 100 ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا: 136 ـ ئايەت.

ساراڭنىڭ بىمەنە سۆزىدۇر.

**بەشىنچى: «مۇھەممەدكە چۈشۈرۈلگەن نەرسىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر» دېگەن ئايەتتىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن نەرسىدىن مەقسەت يالغۇز قۇرئان كەرىملا ئەمەس، قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.**

بۇنىڭ قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن دەلىللىرى بار. تۆۋەندە بەزىسىنى بايان قىلىمىز:

1 ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.»[①]

رەببىمىز بۇ ئايەتتە يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرى ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىگەن نەرسە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەنلىرى مەيلى قۇرئان بولسۇن ياكى ھەدىس بولسۇن ھەممىسى ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن ۋەھيىدۇر. ئەقلى بار ئادەم بۇ ئايەتتىن شۇنى بىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىمۇ قۇرئانغا ئوخشاش ۋەھيىدۇر. چۈنكى ھەر ئىككىسى ئاللاھتىن كەلگەندۇر.

2 ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر.»[②] يەنە مۇنداق دېدى: «ئاللاھ ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ.»[③] يەنە مۇنداق دېدى: «ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا

[①] سۈرە نەجم: 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر.

[②] سۈرە نىسا: 113 ـ ئايەت.

[③] سۈرە جۇمۇئە: 2 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى.»[①]

ئىمام شافىئى ئايەتتىكى «ھېكمەت» سۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: مەن قۇرئان ئىلمىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بىر كىشى: «ھېكمەت ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر» دېدى[②].

شۇنىسى ئېنىقكى، كىتاب بىلەن ھېكمەت بىر مەنىدە ئەمەس. كىتاب قۇرئاننى ۋە ھېكمەت سۈننەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى مۇنۇ ئايەت: «ئۆيلىرىڭلاردا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەت (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى) تىن ئوقۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىرلەرنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»[③]

بۇ ئايەت ھېكمەتنىڭ قۇرئانغا ئوخشاش ئوقۇلىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.»[④]

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى: «سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ئەڭ گۈزىلىگە ئەگىشىڭلار.»[⑤] بۇ يەردىكى «ئەڭ گۈزەل» سۆزىدىن مەقسەت قۇرئان كەرىم. قۇرئان كەرىم ھەممىسى گۈزەل، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىمۇ گۈزەل. ئىمام سۇددى[⑥] بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ گۈزەل نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە بۇيرۇغانلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى بۇيرىدى. دېمەك، سۈننەتمۇ ‹ئەڭ گۈزەل› سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە قۇرئان كەرىمنى ئەڭ گۈزەل دەپ سۈپەتلەشتە سۈننەت ئىنكارچىلىرى گۇمان قىلغاندەك قۇرئان بىلەن سۈننەتنى ئايرىش ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئان بىلەن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات،

[①]سۈرە ئال ئىمران: 164 ـ ئايەت.
[②]ئىمام شافىئى: ‹الرسالة›ئەھمەد شاكىر تەھقىق قىلغان. بېيرۇتتا ئىلمىي كۇتۇبخانا تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 78 ـ بەت.
[③]سۈرە ئەھزاب: 34 ـ ئايەت.
[④]سۈرە نىسا: 80 ـ ئايەت.
[⑤]سۈرە زۇمەر: 55 ـ ئايەت.
[⑥]ئىمام سۇددى: ئىسمائىل ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەل سۇددى، تابىئىن ئالىملاردىن بولۇپ، ساھابىنىڭ ئۆيىدە چ.ڭ بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ھەم ھەدىس ھەم تەپسىر ئالىمى. ئىمام مۇسلىم ۋە باشقا ھەدىس ئىماملىرى ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭ ″التفسير الكامل″ ناملىق چوڭ تەپسىرى بار.

ئىنجىلغا ئوخشاش كىتابلارنى ئايرىش ئۈچۈندۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە بولغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ئەگىشىشنىڭ پەرز بولۇشىدا قۇرئان بىلەن سۈننەت ئوخشاش مەرتىۋىدە. چۈنكى ھەر ئىككىسى بىر مەنبەدىن چىققان.

## خۇلاسە:

1 ـ ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ گۈزەل ئۈلگىدۇر. بۇ بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنىڭ مەرتىۋىسىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ پەرزلىكى ئۇنىڭ قۇرئاندىن يەتكۈزگەنلىرىدىلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ھەدىسلىرىگىمۇ ئەگىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت قۇرئاننى يەتكۈزۈپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىزاھلاش، بايان قىلىش، ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئەمەلىي ھاياتتا قانداق تەتبىقلاشنى ئۆگىتىشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈننەتنىڭ رولىدۇر. بۇنىڭغا دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر كۆپ بولۇپ، بەزىلىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق.

3 ـ سۈننەت ئىنكارچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە دەلىل قىلىۋالغان ئىككى ئايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەتلا قۇرئاننى يەتكۈزۈپ قويۇش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئىنسانلارنى زورلاپ ئىمان ئېيتقۇزۇش ۋەزىپىسىنىڭ يوقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

4 ـ سۈننەت ئىنكارچىلىرىنىڭ قۇرئاندا كەلگەن «رەسۇل» سۆزىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەس، قۇرئان مەقسەت قىلىنىدۇ، دېگىنى، ئەرەب تىلى قائىدىسىگىمۇ چۈشمەيدىغان، قۇرئاننىڭ ئۆزىگىمۇ زىت كېلىدىغان خاتا قاراشتۇر.

5 ـ سۈننەت ـ ھەدىس ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە چۈشۈرۈلگەن ۋەھىيدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىمىگەن. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھىيدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ مەيلى قۇرئاندىن، مەيلى ھەدىستىن بولسۇن خەۋەر بەرگەنلىرىگە ئەگىشىش پەرزدۇر.

6 ـ سۈننەت بىلەن قۇرئاننىڭ پەرقى: قۇرئان ئاللاھ تائالا جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئوچۇق ۋەھىيدۇر. يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزىمۇ، مەنىسىمۇ ئاللاھتىندۇر. سۈننەت ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە ئىلھام قىلغان ۋەھىيدۇر (يەنى سۈننەتنىڭ مەنىسى ئاللاھتىن، لەۋزى رەسۇلۇللاھتىندۇر).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




تۈركىيە خەلقىنى دىنىي تەرەپتىن تۆۋەندىكىدەك 5 كاتېگورىيەگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. «مۇھافىزكارلار» دەپ ئاتىلىدىغان دىندار مۇسۇلمانلار تۈركىيە نوپۇسىنىڭ 65%نى ئىگىلەيدۇ.

2. (لايىك) ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن سېكۇلارىزمچىلار تۈركىيە نوپۇسىنىڭ 22%نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، دىنىي دۆلەت ئىشلىرىدىن ئايرىشنى ۋە سىياسەتتىن ئۇزاق تۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

3. جەئفەرىي مەزھىبى قاتارلىق بەزى شىئە مەزھەپلىرىگە ئەگىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى تۈركىيە نوپۇسىنىڭ 0.1% نى ئىگىلەيدۇ.

4. ئۆزلىرىنى تۈركىيە مۇسۇلمانلىرى قاتارىدىن سانىمايدىغان ئەلەۋىلەر (يەنى ئاناتولىيە ئەلەۋىلىرى، نۇسەيرىيەلەر، باتىنىيەچىلەر، زاھىرىيەچىلەر، ھاجى بەكتاشىغا ئەگەشكۈچىلەر، قىزىلباش قاتارلىق بارلىق ئەلەۋى پىرقىلىرى)نىڭ سانى تۈركىيە نوپۇسىنىڭ 10% نى تەشكىل قىلىدۇ.

5. يەھۇدىي، خرىستىيان، سۈرىيانىلارنىڭ سانى تۈركىيە نوپۇسىنىڭ 0.2% نى ئىگىلەيدۇ.

### تۈركىيە ۋە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا يۈز بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر:

1055 ـ يىلى ئاباسىيلار خەلىپىسىنىڭ دەۋىتىگە ئاساسەن سەلجۇق

تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ باغداتقا كىرىشى تۈرك قان سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر بىلەن پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەقدىرىنىڭ بىرلىشىشىگە يول ئاچتى. 1299 ـ يىلى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى624 يىل ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ سايىسىدا ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئوسمانىيلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەقدىرى ئۆزگىرىدۇ.

زامانىمىزدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى جۇغراپىيىسىدە يۈز بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تولۇق چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

بەزى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەر تەدرىجىي ھالدا خەلق ئاممىسىغا سىڭدۈرۈلگەن پىكرىي ئىنقىلاب ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە بارلىققا كەلسە، يەنە بەزى مىللەتلەردىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەر خەلق ئاممىسىنىڭ بىرلىكتە ئېلىپ بارغان قوراللىق ياكى قورالسىز ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساق، چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە ھېچقانداق بىر مىللەت تەقدىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت بىر خىل ھالەتتە داۋام قىلمىغانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەربىر مىللەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانلىرى ۋە توغرا ھەرىكەت مىزانى ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئاشۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىۋېتىلگەن ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر، ئەلۋەتتە.

غەرب دۇنياسى ئوسمانىيلار بىلەن بولغان نەچچە يۈز يىللىق قوراللىق كۈرەشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇزلۇكسىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئوسمانىيلارغا تەۋە بولغان پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا قارشى قوراللىق ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئورنىغا ياشلارنىڭ مېڭىسىگە غەرب مەدەنىيىتىنى باسقۇچلۇق ھالدا سىڭدۈرۈش ۋە شۇ ئارقىلىق ئوسمانىيلارنى ئۆز ئىچىدىن پارچىلاش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئوسمانىيلار تەۋەلىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە «ھۆررىيەت ۋە تەرەققىيات» شوئارلىرى ئاستىدا خەلىپىلىككە قارشى سادالار يۇكسىلىش بىلەن بىرگە ئوسمانىيلاردىن ئايرىلىش ھەرىكەتلىرىمۇ باشلىنىدۇ.

## سۇلتان ئابدۇلھەمىدII

ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 34 ـ سۇلتانى ئابدۇلھەمىدII 1842 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىستانبۇلدىكى كونا چىراغان سارىيىدا دۇنياغا كۆز ئاچتى. 19 يېشىدا دادىسى ۋاپات قىلىپ، ئاۋۋال تاغىسى ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاكىسى 5 ـ مۇرات تەختكە چىقىدۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ قارشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆچلەرنىڭ ھېلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مىتھەت پاشا ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى مەشرۇتىيەت (ئوسمانىيلارغا تەۋە، ئەمما بوخرالار ئىچىدىن چىققان ئالىي كېڭەش ھەيئىتى) قۇرۇش ھەرىكىتى باشلىغان بولۇپ، ئۇلار سۇلتان ئابدۇلھەمىدIIگە ئەگەر بۇ ھەقتە ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا ۋەدە بەرسە، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىق تەكلىپىنى سۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئابدۇلھەمىدII ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. نەتىجىدە شۇ ۋاقىتتىكى شەيخۇل ئىسلام ھەسەن خەيرۇللانىڭ پەتىۋاسى بىلەن 5 ـ مۇرات چىراغان سارىيىغا نەزەربەنت قىلىنىپ، سۇلتان ئابدۇلھەمىدII 1876 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى توپقاپى سارىيىدىكى داغدۇغىلىق مۇراسىم بىلەن تەختكە چىقىرىلىدۇ. ئىلگىرىكى ۋەدىگە ئاساسەن 120 كىشىلىك مەشرۇتىيەت ئەزاسىنى تاللاش ئۈچۈن سايلام ئۆتكۈزىلىدۇ. 69ى مۇسۇلمانلاردىن، 16سى باشقا دىنىدىكىلەردىن تەركىب تاپقان مەشرۇتىيەت ئەزالىرى سايلىنىدۇ. 1877 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىدII مەشرۇتىيەت ئەزالىرىنىڭ سەممىيەتسىزلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىشىدىكى مىتھەت پاشانى تايىپ شەھىرىگە پالىۋېتىپ، مەشرۇتىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

سۇلتان ئابدۇلھەمىدII ھەقىقى مۆمىن، مۇسۇلمان كىشى بولۇپ، ھەرقانداق ئەمەل - ئىبادەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ تەپسىر، ھەدىس، تەسەۋۋۇپ، تىببابەت، ماتېماتىكا، شېئىر، ئەدەبىيات ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق بىلىملەرگە ۋە چەتئەل تىللىرىغا ئالاھىدە قىزىقىدىغان كىشى بولۇپ، كىچىك يېشىدىن ئېتىبارەن ئاشۇ بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇ تولىمۇ شەپقەتلىك، ئەپۇچان ۋە دىلى يۇمشاق بولغاچقا ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىگە، ھەتتا خىيانەت قىلغانلارغىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىشنىڭ ئورنىغا چەتئەلگە پالاش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. ئاخىردا ئۇنىڭ ئاشۇ چەتئەلگە پالىغان دۈشمەنلىرى بىرلىشىپ «تەرەققىيپەرۋەر جۇن تۈركلىرى تەشكىلاتى» نى قۇرۇپ چىقىدۇ.

سۇلتان ئابدۇلھەمىدII تەختتىكە چىقىپ 3 يىلدىن كېيىن، ئىستانبۇلدىكى يۇلتۇز سارىيىغا يەرلىشىدۇ. ئۇ ھەر يىلى ھېيت، بايراملاردا بىر - ئىككى قېتىم دولما باغچە ۋە توپقاپى سارايلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن باشقا ھېچبىر يەرگە بارماي، 30 يىللىق پادىشاھلىق ھاياتىنى ئاشۇ يۇلتۇز سارىينىڭ ئىچىدىلا ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ 1909 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تەختتىن ئاغدۇرۇلۇپ گرېتسىيەنىڭ سالانىك شەھرىگە پالانغان ۋاقتىدا 66 ياشتا بولۇپ، ئالائۇددىن سارىيىدا 3 يېرىم يىل نەزەربەنت ئاستىدا ياشايدۇ. 1913 ـ يىلى ئىستانبۇلغا قايتىپ كېلىپ ۋاپات قىلغان كۈنگىچە بەيلەربەي سارىيىدا ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە يەنە نەزەربەنت ئاستىدا ياشايدۇ. 1918 ـ يىلى 2 ـ

ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋاپات بولۇپ، چەمبەرلىكى تاشتىكى مەھمۇتII قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

## ئوسمانىيلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى

ئىسلام خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى قۇرئان ۋە سۈننەت بولۇپ، ئىسلام دىيارلىرىدا قانداقلا بىر ۋاقىتتا ئىسلاھات ۋە يېڭىلىنىش ھەرىكىتى باشلانسا، پەقەتلا قۇرئان ۋە سۈننەتكە قايتىش ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئەمەلى ھايات تەجرىبىلىرىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. 19 ـ ئەسىردە پايتەختتە ئىستانبۇلدا بارلىققا كەلگەن ئاتالمىش ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى ئۆز ئىچىدىن ئىسلاھ قىلىش ئەمەس، بەلكى تاشقى كۈچلەرنىڭ بېسىملىرى سەۋەبلىك يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، بىر تەرەپتىن قۇتۇلۇش، يەنە بىر تەرەپتىن تەرەققىياتقا يۈزلىنىش ۋە مەۋجۇت قىيىنچىلىقلارغا قارىتا چىقىش يولى تېپىش ئاساسىدا بارلىققا كەلدى.

20 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان كەڭلىكتىكى يەر كۆلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى پارچىلىنىشقا ۋە كۈندىن - كۈنگە كىچىكلەشكە باشلىغان ئاشۇ ئېغىر مۇسىبەتلىك كۈنلەردە تۆۋەندىكىدەك 3 خىل ئېقىم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بىرىنچى ئېقىم: ئوسمانىيلارخەلىپىلىكىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خەلىپىلىكتىن ۋاز كېچىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، بارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا بىرلىك، باراۋەرلىك، تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك، ئادالەت تۇرغۇزۇش قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار زىيا پاشا، مىتھەت پاشا ۋە نامىق كامال قاتارلىق رەھبەرلەر باشچىلىقىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بالقان ئۇرۇشى جەريانىدا بەزى بالقان دۆلەتلىرىنىڭ خەلىپىلىكتىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشى بۇ پىكىردىكىلەرنى چۈشكۈنلۈككە ئۈچرىتىدۇ.

ئىككىنچى ئېقىم: ئىسلام قانۇنىنى ئاساس قىلىپ ئوسمانىيلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد ئاكىپ، سەئىد ھەلىم پاشا، ئەھمەت ھەمدى ئاكسەكى قاتارلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ئەرەبلەرنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشى بۇ پىكىردىكىلەرنىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ.

ئۈچىنچى ئېقىم: زىيا گۆكئالپ، مۇھەممەت ئىمىن يۇرداقۇل، يۇسۇپ ئاقچۇرا ۋە ئۆمەر سەيپىدىن قاتارلىق تۈرك مىللەتچى رەھبەرلىرى باشچىلىقىدىكى ئېقىم بولۇپ، ئۇلار تۈرك تىلى، مەدەنىيىتى ۋە مىللىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرلىكنى ئاساس قىلىپ ئاۋۋال ئوسمانىيلار تەۋەلىكنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، كېيىنچە پەقەتلا ھازىرقى تۈركىيە جۇغراپىيىسىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، ياۋروپادا يۈز بەرگەن دىنىي دۆلەتتىن ئايرىش خاھىشىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدۇ. نەتىجىدە ″بىرلىك ۋە تەرەققىيات″ ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

## بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەرىكىتى

ئوسمانىيلار تەۋەلىكىنىڭ كۆپىنچىسىدە «ھۆررىيەت ۋە تەرەققىيات» شوئارلىرى ئاستىدا ھاكىمىيەتكە قارشى سادالار يۈكسىلىشكە باشلىغاندەك پايتەخت ئىستانبۇلدىمۇ ئاشۇ پىكىردىكى ئاتالمىش تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. 1886 ـ يىلىدىن باشلاپ پارىژدا مەركىزى ياشلارغا ئائىت ھەپتىلىك «مىزان گېزىتى» نەشىر قىلىنىشقا باشلايدۇ. 1889 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىستانبۇلنىڭ سىركېچى رايونىدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوسمانىيلار ھاكىمىيىتىگە قارشى «ئىتتىھادى ئوسمانى» ناملىق جەمئىيەت قۇرۇلىدۇ. 1895 ـ يىلىدىن باشلاپ «مەشۇرەت» ناملىق كۈنلۈك گېزىت پارىژدا نەشىر قىلىنىشقا باشلايدۇ.

1902 ـ يىلى فرانسىيە پايتەختى پارىژدا جون تۈركلىرى (تەرەققىيپەرۋەر ياشلار) قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ جەمئىيەت ئىسمىنىڭ «بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى»گە ئۆزگەرگەنلىكى ئېلان قىلىنىدۇ.

1906 ـ يىلى گرېتسىيەنىڭ سالونىك شەھىرىدە ھۆررىيەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلىدۇ. 1907 ـ يىلى پارىژدىكى جون تۈركلىرى بىلەن گرېتسىيەدىكى ھۆررىيەتچىلەر بىرلىشىدۇ. 1908 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي پارتىيىگە ئۆزگەرگەنلىكى ئېلان قىلىنىدۇ. ھەر مىللەت كىشىلىرىنى توپلاپ زامانىۋى ئوسمانىيلار دۆلىتى قۇرۇش ۋە بىرلىكنى ساقلاپ قېلىش شوئارلىرى ئاستىدا ھەرىكەت باشلىنىدۇ. 30 يىل بۇرۇن سۇلتان ئابدۇلھەمىدII تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان مەشرۇتىيەت ھەيئىتى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاممىۋي سايلام ئۆتكۈزىلىدۇ. دېمەك: 1908 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقى تەرەققىيپەرۋەر ياشلار پارتىيىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

1909 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرگەندە، شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گرېتسىيەدىن ياردەمگە ئەسكەر كېلىپ قوزغىلاڭنى باستۇرىدۇ. شۇنىڭدىن 3 كۈن كېيىن ئىستانبۇلنىڭ يېشىلكۆي مەھەللىسىدە

بولغان مەخپىي يىغىندا، سۇلتان ئابدۇلھەمىدIIنى تەختتىن چۈشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىنى شەكلىي جەھەتتىكى ئوسمانىيلارنىڭ 35 ـ پادىشاھى سۈپىتىدە تەختكە چىقىرىش قارارى ئېلىنىدۇ. 1910 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مۇھەممەد رىشات تەختكە چىققان كۈنى، گېنېرال ھەققى پاشا باشچىلىقىدىكى ئوسمانىيلا ھۆكۈمەت كابىنىتى ئەڭ مۇھىم 3 مىنىستىرلىكنى بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى ئەزالىرى بولغان ئەنۋەر پاشا، تەلەت پاشا ۋە جامال پاشالارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. مەزكۇر 3 گېنېرال 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. 1918 ـ يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، پارتىيە مەسئۇللىرى قۇرۇلتاي چاقىرىپ پارتىيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

## مۇستاپا كامال پاشا (ئاتاتۈرك)

مۇستاپا كامال پاشا (ئاتاتۈرك) 1881 ـ يىلى گىرىتسىيەنىڭ سالانىك شەھىرىدە تۇغۇلغان. 12 يېشىدا ئىستانبۇل ھەربىي مەكتىپىگە ئەۋەتىلگەن. 1905 ـ يىلى ھەربىي مەكتەپتىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1906 ـ يىلى سالانىك شەھىرىدە قۇرۇلغان ھۆررىيەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. 1911 ـ يىلى ئىتالىيىگە قارشى لىبىيە ئۇرۇشىغا ۋە 1912 ـ يىلى بالقان ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ. 1919 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 9 ـ قوراللىق قىسىم باش مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مەشھۇر ئاماسيا باياناتىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۈركىيىنىڭ ھازىرقى جۇغراپىيىسى ئىچىدە ئوسمانىيلار ھاكىمىيىتىگە قارشى يېڭىدىن مىللىي ئىنقىلاب باشلاشقا چاقىرىق قىلىش بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىستانبۇل ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چاقىرىلىپ مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

مۇستاپا كامال پاشا ئەتىسى ئەسكەرلىكتىن ئىستىپا بېرىپ، ئاناتولىيىدىكى مىللەتچى دېموكراتچىلار ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. 1920 ـ يىلى 23 ـ ئاپرېل كۈنى ئەنقەرەدە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنى (يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر كېڭەش يىغىنىنى) تەشكىل قىلىدۇ. 1921 ـ يىلى ئەنقەرەدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرىدۇ. 1922 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوسمانىيلار پادىشاھلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. 1923 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ خەلقچىلىك، مىللەتچىلىك، دىنسىزلىق، ۋە جۇمھۇرىيەتچىلىكتىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. 1923 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئېلان قىلىدۇ. 1924 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. 1935 ـ يىلى ئۇنىڭغا «ئاتاتۈرك» ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. 1938 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

ۋاپات قىلىپ، ئەنقەرەدە دۆلەت قەبرىستانلىقىغا (ئانت قەبرىگە) دەپنە قىلىنىدۇ.

## لوزان تىنچلىق كېلىشىمى

1920 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىستانبۇلدىكى ئوسمانىيلار ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوسمانىيلارغا قارشى سەپتە تۇرغان دۆلەتلەر بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ، ئەمما كېيىنچە مەزكۇر تىنچلىق كېلىشىمىنى گرېتسىيەدىن باشقا ھېچقانداق دۆلەت ئېتىراپ قىلمايدۇ.

1922 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شۋېتسارىيىنىڭ لوزان شەھرىدە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ئوسمانىيلار ھاكىمىيىتى بىلەن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوسمانىيلارغا قارشى سەپتە تۇرغان ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى مۇزاكىرە يىغىنلىرىغا بىر تەرەپتىن ئىستانبۇلدىكى ئوسمانىيلار پادىشاھلىقىغا تەۋە ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى يەنە بىر تەرەپتىن ئەنقەرەدىكى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى مەسئۇللىرى چاقىرىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چاقىرىلىشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن ئەنقەرە مەسئۇللىرى 1922 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوسمانىيلار پادىشاھلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى، ئەمما خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ يەنىلا داۋام قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. دېمەك، تۈركىيىنىڭ سىياسىي ۋە ئەسكىرىي ھاكىمىيىتى ئەنقەرەدىكى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى قولىغا ئۆتۈپ، ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئىستانبۇلدىكى خەلىپىلىكنىڭ قولىدا قېلىپ قالغان بولىدۇ. ئوسمانىيلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەكلىي جەھەتتىكى پادىشاھى ۋەھىدىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇلمەجىت ئىسلام خەلىپىسى سۈپىتىدە تەختكە چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن لوزان شەھرىدە ئېچىلىپ بېرىلغان بارلىق تىنچلىق مۇزاكىرە يىغىنلىرىغا پەقەتلا ئەنقەرە ۋەكىللىرى قاتنىشىدۇ. بىرنەچچە ئايلىق مۇزاكىرىلەر نەتىجىسىدە 1923 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «لوزان تىنچلىق كېلىشىمى» ئىمزالىنىدۇ. مەزكۇر تىنچلىق كېلىشىمى ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان چېگرا سىزىقلىرى، تۈركىيە ئىچىدە ياشايدىغان مۇسۇلمان بولمىغان ئاز سانلىقلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى مەسىلىسى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئۈچۈن ئوسمانىيلار تەرىپىدىن تۆلىنىدىغان تۆلەملەرنىڭ ئوسمانىيلارغا تەۋە دۆلەتلەر ئارىسىدا تەڭ باراۋەر بۆلۈنۈشى، تۈركىيە ئۈستىگە چۈشكەن قەرزنىڭ بىرنەچچە يىلغا بۆلەپ فرانسىيە فرانكى بىلەن تۆلىنىشى، تۈركىيە دېڭىز قاناللىرىنىڭ خەلقئارالىق ئۆچۈق بولۇشى قاتارلىق بىر نەچچە مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

- داۋامى كېيىنكى ساندا...

www.uyghurkitap.com




### مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۆزىمىزنىڭ قولىدا①

مەلۇمكى، ھەرقانداق خەلق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشى، جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىنى تېپىشى ئۈچۈن تىل، دىن، مىللىي ئەنئەنە كەبى مەڭگۈلۈك ھەم بىباھا قىممەتلەرنى چىڭ ساقلىشى مۇھىم. مىللەتنىڭ بۇ ئۈچ ئەڭگۈشتەرنى ساقلاپ قېلىشى پەقەت ئۆزىگىلا باغلىق. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىرىمىز ئۆزىمىزگە مەھكەم بولۇشىمىز كېرەك. شەخسەن مەن ھاياتنى تۆۋەندىكى ئۈچ ھەقىقەتكە ئەمەل قىلىپ ياشاۋاتىمەن:

بىرىنچى ھەقىقەت: سالاھىيەتلىك مۇتەخەسسىس بولۇش، ھەم ساغلام ئەۋلاد تەربىيلەش.

راستىنى ئېيتساق، بىز بۆگۈن بىر-بىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىشتىن قالدۇق. يامانلاش، كۆرەلمەسلىك، ياقتۇرماسلىق جەھەتتە ھەددىدىن ئېشىپ كەتتۇق. ۋاقتىمىزنى ئەھمىيىتى يوق نەرسىلەرگە سەرپ قىلىۋاتىمىز. نېمىشقىدۇر، بىز دوپپىمىزنى ئالدىمىزغا قويۇپ «باشقىلارنى ياقتۇرمايمەنۇ، ئەمما ئۆزۈم ئۇلارغا ئۇلگە بولغىدەك نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن، ئويلىنىپ كۆرەيچۇ؟» دېگەن سوئالنى ئۆزىمىزگە قويۇشقا ئىنتىلمەيمىز. چويلىغا ئالغۇدەك ئىش

① بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى قازاقىستاندا چىقىدىغان «يېڭى ئاسىيا» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى.

www.uyghurkitap.com

قىلمىساقمۇ، مەمەدانلىقىمىز بىلەن شەھەر سالىمىز. مېنىڭچە، ھەربىرىمىز ئالدى بىلەن كېلەچەك ئەۋلادىمىزنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىغان ھالدا ئىش قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز شۇنىڭغا ئىنتىلسەك، ئەۋلادىمىز بىزگە ئوخشاش ۋاقىتنى ئۇششاق نەرسىلەرگە سەرپ قىلماي، بىلىم ئېلىشقا ھەم سالاھىيەتلىك مۇتەخەسسىس بولۇپ يېتىلىپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. قانداق قىينچىلىق كۆرسەكمۇ، «ئۇيغۇر» دېگەن قېلىن ئورمانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمايلى. يېتەر، غەپلەت ئۇيقىسىغا چۆمگەنلەر ئەمدى ئويغانسا بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىش - پائالىيىتىمدە ماڭا مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان «يەتتە ئۇدۇم»غا ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ھەم ئۇنى پەرزەنتلىرىمنىڭ يادىغا دائىم سېلىپ تۇرىمەن:

1. جۈرئەت ۋە ھەققەت

ئۆزەڭنى ھەم ئۆزگىلەرنى ئالدىما. كۆڭۈلگە پۈككەن ئىشنى قىلىشتىن قورقساڭ ياكى جۈرئەت قىلالمىساڭ قولغا ئالما، قىلالىساڭ قورقما.

2. ئىززەت ۋە ھۆرمەت

كەسىپداش - سەپداشلىرىڭنى، ئىش جەريانىدا ئۇچراتقان نىيىتى تۈز، دىلى پاك ئادەملەرنى ھۆرمەتلەشنى بىل. چۈنكى ئۇنداقلار ئىنتايىن ئاز.

3. ئىشتىياق ۋە ئىنتىلىش

ئىشقا ئىشتىياق باغلا. سادىر قىلغان كەمچىلىكلەردىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ، دائىم ئالغا ئىنتىلگىن.

4. مەۋقەسگە سادىق بولۇش

ھەرقانداق ئىشتا نىيەتنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش. ئەڭ ئالدى بىلەن شۇلارنى پۇختا بېجىرىش.

5. ئىجادىي ئىزدىنىش

ئىزدىنىش، ئىزدىنىش يەنە ئىزدىنىش.

6. دىققەتچانلىق

ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشقىن، چۈنكى ئۇ ناھايىتى قىممەتلىك نەرسە. ئۇششاق - چۈشەك نەرسىلەرگىمۇ دىققەت قىلغىن. پەخەس بولمىساڭ، ئۇلار سېنى ئوڭايلا ئاداشتۇرىدۇ.

7. مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە نەتىجە

ئىشىڭدا مەسئۇلىيەتچانلىقنى تولۇق ھېس قىلىش سېنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

مۇشۇ مەۋقەگە تايىنىپ ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ئىشلەش بەزىلەرگە غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بىراق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «تەرتىپكە بويسۇنغان قۇل بولمايدۇ»، دېگەن دانا گەپلىرىنى يادىمىزدىن چىقارمىساق ياخشى. خەيرىيەت، ئۇشبۇ «يەتتە ئۇدۇم» مېنى مۇشۇ كۈنگىچە يەرگە قاراتقان ئەمەس.

ئىككىنچى ھەققەت: بەختلىك ئائىلە

قۇرۇش

سىر ئەمەسكى، ھازىر ھەر ئۈچ ئائىلىدىن بىرى ۋەيران بولۇۋاتىدۇ. رەسمىي مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ھەققىي يېتىملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۇل خوتۇن ۋە يېتىملارنىڭ سانى يۈز مىڭدىن ئېشىپ كېتىپتۇ... يادىڭىزدىدۇ! ئىلگىرى كۆپنى كۆرگەنلەر «ئائىلە ـ كىچىك دۆلەت»، دېگەن گەپنى پات ـ پات ئېيتاتتىغۇ؟ ئەمدى ھازىر ئەنە شۇ كىچىك مەملىكەت ئاساسىنىڭ كۆمپەيكۇم بولۇشى ئائىلە تۈۋرۈكى بولغان ئاتىلارنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدىغۇ، ئاجرىشىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى يوقسۇللۇق، پسىخولوگىيىلىك ئامىل. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، سودا مەنبەسىگە ئايلانغان بىلىمنىڭ تەمنى تېتىغان ياكى قابىلىيىتى بولسىمۇ ئىش تاپالمىغان ئائىلە تايانچىسى بالا ـ چاقىسىنى ئاسراش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. ئاقىۋەتتە، ئەر ـ ئايال ئىككى خىل يول تاللاۋاتقان. زەرداپ چېكىدىغىنى بىگۇناھ گۆدەكلەر. ئاتىسىز ئۆسكەن ئوغۇل، ئانا تەربىيىسىنى كۆرمىگەن قىز...

ئۇلۇغ ئاللاھ ھايۋاندىن پەرقى بولسۇن دەپ، بىزگە ئاق ـ سەۋيە بەرمىگەنمىدى... ھە، ئەمما بىز بولساق، بۇ ئاق ـ سەۋيەنى تۇرمۇشقا ئىشلىتەلمىدۇق. ئائىلەڭدىن زېرىككەندىن كېيىن، سەن ھەرگىز بەختلىك بولۇپ كەتمەيسەن. پەرزەنتلىرىڭنىڭ كۆز يېشى كۈندۈزى كۈلكەڭنى، تۈندە ئۇيقۇڭنى ئوغرىلايدۇ. ئەڭ توغرا يول تىنماي كۆرەش قىلىپ، ئېغىرچىلىقنى يېڭىشنى بىلىشلىك كېرەك. دانا ئاتىلىرىمىز بىلەن نۇرانى ئانىلىرىمىز ئۆز ۋاقتىدا ئائىلىنى مۇستەھكەملەشنىڭ يەتتە قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان. بىز شۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەمەل قىلىۋاتىمىز؟ قېنى، ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلىچۇ:

1. ھۆرمەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمىتىنىڭ نەتىجىسىدە ئائىلە تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. بۇنى بايقىغان پەرزەنتلەرمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى بۆلەكچە ئىززەتلەپ، قەدىرلەيدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. غەمگۇزار ئاتا ـ ئانا بىر غەمدىن بولسىمۇ قۇتۇلىدۇ.

2. سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام، سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ. جىيەنلىرىمگە ئەقىل ئېيتسام، قان ـ قېرىندىشىمغا ئېيتقاندەك ئېيتىمەن. ئۇلارمۇ بىزنى چۈشىنىدۇ. ئۆزئارا چۈشەنچە بولغان يەردە،

www.uyghurkitap.com

ئىززەت ـ ھۆرمەتمۇ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدىكەن. ئۇنىڭغا ئىنىق كۆز يەتكۈزدۇق.

3. ئۆيگە ھەرقانداق مېھمان كەلسە، قاپاق تۈرۈلمەيدۇ. قايناق سۇ ئىچىشمۇ، كۆڭلى توق قايتىشىدۇ. ئۇلار بىزدىن رازى، بىز ئۇلاردىن مىننەتدار.

4. بالىلىرىمىزنى مەكتەپكە بارغىچە خانىغا ئوخشاش كۆرىمىز، مەكتەپكە بارغان پەيتىدە شاگىرتقا ئوخشاش تەربىيەلەيمىز. مەكتەپتىن كېيىن دوستقا ئوخشاش سىرداشىمىز.

5. رەنجىشىپ قالساق، 5 مىنۇتتىن كېيىن سۆزلىشىمىز. بىرىمىز قاتتىق كەتسەك، ئىككىنچىمىز جىم ئولتۇرىمىز. ئۆزىمىزگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكىمىزنى دەرھال ئوڭشاشقا ئىنتىلىمىز.

6. ئىناق ئائىلىدە ئايال كىشى يولدىشىغا تېلېفون قىلىپ: «نەدە يۈرسەن؟»، «قاچان كېلىسەن؟» دېگەن گەپنى قىلمايدۇ. بەزىدە ئايرىم ئاغىنىلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ يېنىدا ئۆزىنى شىر چاغلاپ، «نەدە يۈرسەن ھاڭۋېقىپ؟» ـ دېگەن زەردە ئارىلاش گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، «تېلېفونى بولمىغان ئاتا ـ بوۋىلار» نېمە دېگەن بەختلىك دەپ ئويلايمەن.

7. ھېچقاچان ئاجراشمايمىز. ماڭا ئايال، ئۇنىڭغا ئەر تېپىلار، ئەمما باللارغا يات بىرسى ھەرگىز ئاتا ـ ئانا بولالمايدۇ.

خۇلاسە:

دېمەك، ھۆرمەت بىلەن چۈشەنچە ئۈستۈن تۇرغان ئائىلىنى يوقسۇللۇق توخۇ پېيىدەك يۈلۈۋېتەلمەيدۇ. ئائىلىنىڭ قوش تۈۋرۈكىئاتا بىلەن ئانا بىرلىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدۇ.

ئەمدى ئۈچىنچى ھەققەت ئۈستىدە توختىلايلى: مىللىي ۋە دىنىي روھتا تەربىيىلەنگەن ساغلام، قابىلىيەتلىك ئەۋلاد يېتىلدۈرۈش.

ئالەمشۇمۇللاشتۇرۇش دولقۇنىدىن ئەۋلادىڭىزنى پەقەت سىزلا قۇتۇلدۇرالايسىز! «بالام ئۆزگىلەردىن كەم بولمىسۇن» دەپ يالڭاچ شوئارغا بېرىلىپ، دەۋران سۈرسىڭىز، بالىڭىزغا خالىغىنىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، دېگىنىنى قىلىپ بەرگىنىڭىزدىن نېمە پايدا تاپتىڭىز؟ ھازىر بالىمىزغا كېرەك بولغىنى «كولا»، «سپرايت»، «پېپسى» ئەمەس. مېنىڭچە، ئۇلارغا كېرەك بولغىنى ئەللەي ناخشىسى، مىللىي تەربىيە، دىنىي تەربىيە، ئاتا مېھرى، ئانا مۇھەببىتىدۇر. دۇنيا ئالىملىرى ئەللەي ناخشىسىنى تىڭشاپ ئۆسكەن گۆدەكلەرنىڭ باشقا تەڭتۇشلىرىگە قارىغاندا زېرەك بولىدىغانلىقىنى تەتقىق

قىلىپ، ئاللىقاچان ئىسپاتلاپ بەردى. ھەممىمىز «سۇلتان سۇلەيمان» قىسمىلىق فىلىمنى بىرىلىپ كۆردۇققۇ؟ ئىسكىلاردىدۇ، تۈرك رېژىسسورى ئۇشبۇ فىلىمدە سۇلتاننىڭ ئايالى ھۈررەمنىڭ باشقا تىلدا ئەللەي ناخشىسنى ئېيتىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرسىتىدۇ. سەۋەبى، تۈرك قېنىدىن يارىلىپ، ئۆزگىنىڭ ئەللەي ناخشىسىنى تىڭشىغان ئەۋلاد، ئاخىرى بۈيۈك ئوسمان ئىمپىرىيىسىنى غۇلاتتى. مانا، ئانا تىلنىڭ قۇدرىتى قانداق؟! شۇڭلاشقا بالا تەربىيىسى ئۇيغۇر ئۇچۇن ئاساسىي تۈگۈنلەرنىڭ بىرى. ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىڭ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىنىڭ باتۇرلۇق قىسسىلىرىنى، شۇنداقلا «چىنتۆمۈر باتۇر ۋە مەختۇمسىلا» چۆچىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ... ئۇيغۇرنىڭ باتۇرلۇق خىسلەتلىرى، ساھابىلەرنىڭ جىھاد مەيدانىدىكى جاسارىتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن چۆچەكلەرنى ئويلاپ تېپىڭ. ئەگەر روھىي ئوزۇققا مۇھتاج بالا ئۆزگىلەرگە ئەگىشىپ كەتسە، روناق تاپمايمىز. «يازغۇچىلىرىمىز بالىلار ئەدەبىياتىغا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ، بالىلار ئوقۇيدىغان ئەدەبىي كىتابلار يوق» دەپ ئۆز ئەۋلادىمىزنىڭ تەربىيىسىگە سۇس قارىمايلى. سىز بىلەن بىز، مەيلى ئۇلار ئوقۇيدىغان كىتابلار بولمىسۇن، ئائىلىدە ئۆزىمىز، بولۇپمۇ موملار ئۇلارنى مىللىي روھتا تەربىيىلەشكە ئىنتىلگەندىلا، باللار باغچىسىدا، مەكتەپتە، جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن، بالىنىڭ بىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يوق نەرسىلەردىن قۇتۇلىمىز. مۇئەللىملەرمۇ بالىنىڭ قابىلىيەت ـ ئىقتىدارىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ «يانچۇقى» بىلەن ئۆلچەشنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئاللاھ بەرگەن تالانت ـ قابىلىيىتىنى ئېچىشقا ئىنتىلىدۇ. تەربىيەلەۋاتقان شاگىرتلىرىغا ئېغىلىدا بوداۋاتقان قويغا ئوخشاش قارىماي، ئەركىن ئويلاشنى بىلىدىغان، پىكرىنى ئېنىق ھەم ئوچۇق يەتكۈزىدىغان شەخس شەكىللەندۇرۇشكە بار كۈچ ـ قابىلىيىتىنى سەرپ قىلىدىغان بولىدۇ. مۇئەللىم دېگەن ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك كەسىپ ئىگىسىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇشۇ ئەمەسمۇ...

ئۇلى مۇستەھكەم ئۆي ھېچقاچان غۇلىمايدۇ! مېنىڭ پىكرىم شۇ. ئومۇمەن، تىل، دىن، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى ساقلاپ، ئۇلارنى كەلگۈسى ئەۋلادىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۇرۇشكە قادىر بولالىساق، ئەۋلادى ئويغاق، مىللىي روھى كۈچلۈك، ساغلام ھەم دانا مىللەتكە ئايلىنىمىز دەپ ئويلايمەن. مىللەت تەقدىرى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ قولىدا...

www.uyghurkitap.com




ئاخىرقى ئون يىل مابەينىدە ئۇيغۇرلاردا باي سۆزى تىلغا ئېلىنغاندا، كۆز ئالدىمىزغا قاشتېشى كېلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى (بولۇپمۇ خوتەنلىكلەر ئارىسىدا). چۈنكى قاشتېشى كۆپ پۇلغا ياراشتىن ئىلگىرى بايلار ساناقلىق بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تاپاۋىتى ھەر خىل يوللار بىلەن روياپقا چىققانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ دىققەت نەزىرىمىز بايلىق يولىدىكى بىر خىل نەرسىگە مەركەزلىشىپ كەتمەيتتى. ئەمما تەبىئىي بايلىقلىرىمىز ئارىسىدىن بىردىنبىر ئۆزىمىز ئىگە بولغان ۋە ۋاقىتلىق پايدىلىنالىغان قاشتېشى بىر قەدەر كۆپ پۇلغا يارىغاندىن كېيىن، ھەممىمىزنىڭ دىققەت نەزىرىمىز تەبىئىي قاشتېشى تەرەپكە ئاغدۇرۇلىدىغان بولدى. دۇنياغا داڭلىق بۇ گۆھەر گۈزەللىكى، شەكلىنىڭ ۋە رەڭگىنىڭ ھەر خىللىقى بىلەن كۆرگەنلىكى ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بۇ گۆھەرنىڭ چىقىش ئورنى دۇنيا بويىچە پەقەت ئازغىنە بىر قىسىم يەرلەرگىلا خاس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىنمۇ پەقەتلا خوتەن يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن، قاراقاش دەرياسى بىرىنچى دەرىجىلىك قاشتېشى چىقىدىغان ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك ئورۇن ھېسابلىناتتى. ئەمما باشقا يەكەن زەرەپشان دەرياسى ۋە روسىيىگە ئوخشىغان يەرلەردىن چىققان تاشلار ئېلىپ ـ سېتىلىشتا بىر قەدەر ئاستا ۋە ئەرزان ئىدى. شۇڭلاشقا ئاساسلىق كۈچ ۋە ئېلىم ـ سېتىم يېرى خوتەندىكى ئىككى دەريا بويلىرىنى

ئاساس قىلىپ مەركەزلەشكەن ئىدى. قاشتېشى گەرچە ئۆتمۈشتىن تارتىپ قېزىلغان ۋە گۆھەر ھېسابىدا مۇئامىلە قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن زامانىمىزغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا قېزىلىش ۋە ئېلىم ـ سېتىم جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولۇپ، ھەتتاكى ئالتۇننىمۇ بېسىپ چۈشكەن ئىدى. ئۇ دۇنيادا قىممەتلىكتە ئالماستىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كان بايلىقى بولۇپ قالغان ئىدى. دىيارىمىزدا ساناپ تۈگەتكۈسىز بايلىقلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بۇلاڭچىلار ئىگە، ئەمما قاشتېشى ۋاقىتلىق بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ بىۋاسىتە پايدىلىنالايدىغان شەكىلدە ئۆز قولىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى. دەسلەپكى مەزگىللەردە خەلقىمىز خالىغان ۋاقىتتا دەريا بويلىرىغا چىقىپ تاشلارغا ئىنچىكە دىققەت قىلغان ئاساستا مېڭىپ كېتىۋېتىپ قاشتېشى تاپىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايدىغان بىر مەزگىللەرنى باشتىن كەچۈردى. ھەتتاكى بەزىلەر شۇ ئارقىلىق نەچچە يۈز ھەتتا مىليونلارغا قاشتېشى ساتقانمۇ بولدى. شۇ ئەسنادا بەزىلەر بىر نەچچە ئادەم بىلەن بىرلىشىپ كۆچىنىڭ يېنىشچە كىچىك ـ كىچىك، چوڭقۇرلۇقى بىر ـ ئىككى مېتىر كېلىدىغان كانلارنى گۈرجەك ۋە جوتۇلار بىلەن قوللىرىدا ئېچىپ قاشتېشى قازىدىغان ھالەتلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلار شۇ ئۆزى قازغان كانلاردا ئىشلەش جەريانىدا تېپىۋالغان قاشتېشىلارنى مەخسۇس ئالىدىغان ئۇيغۇر تاشچىلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ساتاتتى ياكى پات ـ پات شۇ كانلارنى ئايلىنىپ ساتىدىغان تاش بارمۇ دەپ سوراپ كەلگەنلەرگە ساتاتتى. ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدا بولغان بۇ سودا بەك پەرقلىق بولۇپ، ساتقۇچى سوغۇقنى سوغۇق دېمەي، ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي قان تەر بەدىلىگە تاپقان تاشنى 100 سومغا ساتسا، ئالغۇچى بۇ 100 سوملۇق تاشنى 1000 سوم، ھەتتاكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى پۇلغا ساتىدىغان ئىشلار مەۋجۇت ئىدى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزى تاپقان بۇ گۆھەرنىڭ شۇنچىلىك كۆپ پۇلغا يارىغانلىقىنى ئاڭلىغان بىچارە كىشىلەر يۈرىكىنى تۇتقان پېتى يەنە شۇ كەمبەغەللىك ۋە غۇربەتچىلىك ئىچىدە نەچچە مېتىر توپا ئاستىغا شۇڭغۇپ ئۇن ـ تىنسىز ئۆز رىزقىنى ئاللاھتىن كۈتۈپ تاش كولاشقا ئاتلىنىپ كېتەتتى. ئۇلار تاش كولاش جەريانىدا قاتتىق ـ قۇرۇق نان، بەزى ۋاقىتلاردا ياغسىز سۇيۇقئاش ياكى شوۋاگۈرۈچنەك تاماقلارنى يەيتتى. قىش كۈنلىرى ئۇلار مۇز تۇتۇپ قالغان سۇدا تاھارەت ئېلىپ رەببىگە قۇلچىلىق قىلاتتى. بۇ بىچارىلەرنىڭ ئۆز رىزقىنى تېپىشتا شۇنداق چوڭقۇر ئۈمىدلىرى بار ۋە تەۋەككۇلچىلىك روھى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرگە ناھايىتى كۆيۈمچان، ھەتتا ئارىسىدىن بىرەرسى ئۆيىگە قايتىدىغان ئىشى چىقىپ قالسا، ئۇ كىشى قايتىپ كەلگۈچە چىققان تاشنىڭ پۇلىغا نەخ مەيداندا بولمىغان ئۇ قېرىندىشىنىمۇ ئوخشاش بىر كىشىلىك شېرىك قىلىدىغان ياردەمسۆيەر، قېرىندىشى ئۈچۈن قان ـ تەر ئاققۇزالايدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇلارنى شۇنداق جاپالارغا كۆندۈرگەن سەۋەب بولسا، ئۇلارنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق ئىدى. چۈنكى بۇلار ئاتا ـ بوۋىسىدىن باشلاپ زالىمنىڭ زۇلمى تۈپەيلى دولىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن، ياخشىراق بىر تۇرمۇشقا يېتىش ئىستەكلىرى زور، ئەمما يوقسۇللۇق ئەتراپلىرىنى ئوراپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ھەپتە، ئون كۈن ياكى بىرەر ئايدا بىر قېتىم ئۆيىگە قايتقىنىدا باللىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاچ قالغان قۇشنىڭ باللىرى دان ئېلىپ كەلگەن ئانىسىغا ئېغىزىنى ئاچقىنىدەك ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ، دادىمىز بىزگە پۇل ئېلىپ كەپتۇ دەپ يۇگۈرۈشلىرى؛ ئەمدى ئۆيىگە كىرىپ تىلىم ـ تىلىم يېرىلغان ۋە ياغاچتەك قېتىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ئۇماق باللىرىنى سىلاپ ئولتۇرغىنىدا، سەپەردىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قوشنىلىرىنىڭ باللىرى بۇ كىشىنىڭ قولى قىسقىلىقىدىن ئۆتنە سورىغان پۇلنى تۆتۈش ئۈچۈن ئىشىكتىن كىرىپ، بۇ جاپاكەشنىڭ ئايالى ۋە باللىرىنىڭ ئالدىدا: دادام ئالدىنقى قېتىم ئالغان پۇلنى بەرسۇن دېگەنتى دەپ، چوپچوڭلا بىر ئەركىشىنى قىزارتىشلىرى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. مۇشۇ كىشىلەر تاپقان قاشتېشلار بىلەن تاشچى سودىگەرلىرىمىزنىڭ ئامىتى كېلىپ ئۇلارنىڭ قولىغا كاللەك ـ كاللەك پۇللار كىرگەندىن كېيىن، تاش كولاشنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ياكى تاشنى ئۆزى كولاپ تېپىپ، ئۆزى سېتىش مەقسىتىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن قىممەت باھالىق توپا قېزىش ماشىنىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ شەكىلدە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، كولايدىغان ئىشلارغا ئادەم ئەمەس، ماشىنا ئىشلىتىدىغان، قول بىلەن كولاشقا يەر تاپقىلى بولمايدىغان بىر ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. چۈنكى ماشىنا بىلەن كولاش ئۈچۈن يەرلەر كەڭرى بولمىسا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، تاشچىلار بىپايان كەتكەن زېمىنلەرنى ئۆزىچە ئىگىلەپ، باشقىلارنى يېقىن كەلتۈرمەيدىغان، ھەتتا يېقىن كەلگەنلەرنىڭ بەزىسىنى ئۇرۇپمۇ قويىدىغان، سەل ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىسا ئۆلتۈرۈپمۇ قويىدىغان ھالەتلەر شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يانچۇقىدا پۇلى ئاز ئاجىز ـ نامرات كىشىلەرنىڭ دەريا بويلىرىغا چىقىشى

پاتماس ياكى پاتقان تەقدىردىمۇ، كۆچى يەتمەس بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئامالسىز بايلارنىڭ توپا قېزىش ماشىنىسىغا ئايلىق مائاشقا قاراپ ئىشلەيدىغان بولدى. ئەسلىدە قولى بىلەن كان ئېچىش ئارقىلىقمۇ نەچچە يۈز مىڭ ھەتتا مىليۇنلارغا تاش سېتىپ ھال كۆنى ياخشىلىنىش ئېھتىمالى بار بولغان نامراتلار يەنىلا نامراتلىق پاتقىقىغا پاتقۇزۇلۇپ، چەكلىك بولغان مائاشقا بەند قىلىندى. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ھېچبىر ئۆسۈملۈكمۇ ئۆسمەيدىغان ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە توپا ـ توزان ئۇچۇپلا تۇرىدىغان قاقاس چۆلدە قىشلىرى شىۋىرغان سوغۇقتا ئىشلىسە، يازدا پىژغىرىم ئىسسىقتا چەكلىك ئايلىق مائاشقا ئىشلەيتتى. كان ئىگىلىرى بولسا يازدا تونگلاتقۇدەك سوغۇق، ۋە قىشتا خۇمداندەك ئىسسىق، قىممەت باھالىق ئۆيلىرىدە ئىللىق ئائىلىسى بىلەن خۇشال ـ خۇرام ياشايتتى ھەم پات ـ پات چەتئەللەردىكى پىرىزىدېنتلارمۇ ئولتۇرۇپ باقمىغان ئالىي ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ قويۇپ چەكسىز بايلىقنىڭ ئىگىسى بولاتتى. كۆنلىرى شۇنداق ئۆتتۈۋاتقاندا بۇ سادا بايلىرىمىزغا زالىملارنىڭ يالماۋۇزلارچە كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ بولمىغۇر، ئىمانغا ۋە ئادىمىيلىككە زىت قىلمىش ـ ئەتمىشلەر توغرىسىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر تاشچى بايلار توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇلار ئەسلىدە قىسقىغىنە بىر مەزگىللىك يۈكسىلىشتىن كېيىنكى مەغلۇپ بولۇشنىڭ ئالدىن بېرىلگەن سىگنالى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن شەخسىي ئىگىلىۋېلىنغان يەرلەر زالىملار تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنىپ يەنە ئۆز خەلقىمىزگە قىممەت باھادا سېتىلىشقا باشلىدى. ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرى يېقىن كەلسە ھەيۋە قىلىدىغان ھەتتاكى ئۇرۇپ ئىتلارغا تالاتقۇزىلىدىغان يەرلەر ئەمدىلىكتە زالىم قولىغا ئۆتسە ھېچ قارشىلىق كۆرسىتىلمىدى. بەلكى قوش قوللاپ تۇتقۇزۇلۇپ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ ئالغان ۋە شېرىكلىرىنى يالغانلار بىلەن قارا قويغان، كەمبەغەللەر ئۈچۈن بىرىشكە كۆزى قىيماي بىسىپ ياتقان پۇللىرىنى پېچىتى بىلەن شۇ زالىملارغا بېرىش بەدىلىگە يەرلەرنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ۋاقىتلىق قولغا كەلدى. كۈندىن ـ كۈنگە پۇلى ئاز نامراتلار بۇ ساھەدىن چىقىرىپ تاشلىنىپ، بۇ ساھە بايلار بىلەن زالىم ئىككىسىگە قالغان ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا تاشچى بايلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىدەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يەرلىرىدىكى ئېگىز بىنالارغا ئىگە بولغان بايلار چەت ـ يىراقتىكى يېزا قىشلاقلارغىمۇ ئىگە ئىدى. خەلقىمىز ئۇزۇن ـ ئۇزۇن يوللاردا كېتىۋېتىپ دېيىشىپ كېتەتتى: بۇ نەچچە مىڭ كىۋادرات مېتىر يەر پالانى ھاجىمنىڭمىش، ئاۋۇ يەر پالانىنىڭمىش!

www.uyghurkitap.com

ئەپسۇسكى، شۇ يەرلەردىن خەلقىمىز پايدىلانغان بولسا، بىزمۇ شۇ باي ھاجىملىرىمىز بىلەن پەخىرلەنگەن بولساق! چۈنكى مۇشۇ قاشتېشى كانلىرىغا ھەتتا بىپايان دەرياغا ئىگە بولغان خوجايىن تاشچىلار بۇ يەرلەرنى قىنىمىزنى شوراۋاتقان باشلىقلارغا پارا بېرىپ قىممەت پۇلغا سېتىۋالغاندىن كېيىن شۇنداق ئاچكۆز بولۇپ كەتكەنكى، تاش كولاش ئۈچۈن بىراۋ كەلسە، تاپقان قاشتېشىنىڭ 50% تىگە ياكى 60% تىگە ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن ئاندىن كولاشقا رۇخسەت قىلاتتى. جاپا تارتىپ كولىغان بىچارە دېھقانغا تەقسىماتلاردىن كېيىن ئېشىپ قالغان 30 ـ 40 پىرسەنت پۇل ھۆكۈمەتتىن كەلگەن ئالۋان ـ سېلىقلارغىمۇ يەتمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ نېمە ئامال؟ ئاز بولسىمۇ قانائەت قىلىپ ھەممە ئادەم شۇ باي ھاجىملارغا ئىشلەشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن بەسلىشىپ توپلىغان بايلىقلىرى تۇرمۇشىدىكى ھەممە ساھەدە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ قايسى تەرىپىگە قارىساق ئېگىز ـ ئېگىز بىنالار، بىنالارنىڭ ئېگىزلىكىدىن قارىغان ئادەمنىڭ بېشىدىكى دوپپىسى يەرگە چۈشۈپكەتكۈدەك دەرىجىدە ئىدى. شۇ بىنالارنىڭ قايسى بىرسىنى كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى سورىساق، ئىگىسى پالانى ھاجىم چىقاتتى. نېملا بولمىسۇن ئۇيغۇرنىڭ بىناسى ئىكەن دەپ سۆيۈنۈپ كېتەتتۇق. ئالىي ـ ئىسىل ماشىنىلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. ھەيدەۋاتقان كىشى كىمدۇ دەپ قارىساق، بېشىدا ئىنتايىن نەپىس تېرىدىن تىكىلگەن قىممەت باھالىق قاما تۇماق، ئۇچىسىدا ئاجايىپ كۆركەم، ئۇستىلىق بىلەن تىكىلگەن، 20 ـ 30 مىڭ سوم ئارىسىدا سېتىۋېلىنغان قاما چاپان كىيىۋالغان بىر ئۇيغۇر ئىدى. ھەشەم تۇرمۇشلىرى بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ، يوقسۇل كىشىلەرنى كەينىدە تاشلاپ كېتىۋاتقان بايلار بايلىقنى قانداق خەجلەشنى بىلەلمەيۋاتقان شۇ تاپتا كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشەلمەيۋاتقان، داۋالىناي دېسە پۇل يوق، رەھىمسىزلەرگە يالۋۇرۇپ ئىشخانىمۇ ـ ئىشخانا كىرىپ، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىغىنىغا قارىماستىن قىيىنچىلىقنى ئاڭلىتىۋاتقان تالاي كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنمىغاچقا، ئۇلارغا جەمئىيەتتىكى بىر تۈركۈم ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. بەزى كېسەللەر يېتەرلىك راسخوت ھازىرلانغۇچە بەلكىم ئۆلۈپ كېتەتتى. يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆيلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئورۇنلىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ ئۆچرەت ساقلاۋاتاتتى. دېمەك بايلار بايلىقى

بىلەن مەس، نامراتلار قىينچىلىقى بىلەن تەس كۈندە ياشاۋاتقان 2015 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ بايلارنىڭ ئىقتىسادى تەكشۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ دېگەن خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى. ئەمما ھاكىمىيەت ئۇ زامانلاردا بايلارنىڭ يانچۇقىدا بولغاچقا، بۇ خەۋەرلەر ئۇلارنىڭ يېنىدىنمۇ ئۆتمىدى، ھەتتا ئۇلار پىسەنتمۇ قىلمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇلى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى ئۇلارنى بىخۇتلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. چوڭ دادام رەھمەتلىك دائىم: بالام! بۇ كاپىرلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت جەمئىيەتتىن ئەڭ بېشىدا تازىلايدىغان ئىككى خىل ئادىمى بولىدۇ. كاپىرلار ئۇلارغا ۋۇجۇددىن ئۆچ. ئۇلارنىڭ بىرى بىلىملىك، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىدىغان كىشىلەر. يەنە بىرى بايلاردۇر. چۈنكى بىر جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغايدىغانلار مۇشۇنداق كىشىلەر بولىدۇ. ئەمما ھازىرقى بىر كېچىدە بېيىغان يېڭى بايلار بۇ گەپكە ئىشەنمەي پۇلغا ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنى ئاشكارا قىلىۋاتىدۇ. ئىش مۇشۇنداق داۋاملاشسا، بۇلار ۋاقتى كەلگەندە پۇلنى ئەمەس، بەلكى جېنىنىلا قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلايدىغان بىر كۈنگە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇ مەندىن سىلەرگە نەسىھەت بولسۇن دەيتتى! راست، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى قاچىدىكى ئاشتەك 2016 ـ يىلى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. بەزى تونۇلغانلار بايلىقىمنىڭ ھەممىنى بەرسەم مېنى قويۇۋەتسە دەپتىكەن دېگەن گەپلەر قۇلاقلارغا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان سىرتتا قالغان بايلار ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ ھەممىسى پات ـ پاراق ئىدى. پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە يەنە بىر ئۇچى يۈرەكتە دېگەندەك، كۆپىنچىلەر بايلىقتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يۇرتتىن ئايرىلالمايۋاتاتتى. پۇلنى بىرگە ئېلىپ قاچاي دېسە، بەك كۆپ بولغاچقا چېنىپ قالىدۇ دەپ ئېلىپ ماڭالمايۋاتقان ياكى كېيىن قالغانلىقتىن يۆتكەشكە ئىمكانىيىتى يار بەرمەيۋاتقان. شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن نۆۋەت كۈتۈپ، ئۇلارچە تەۋەككۈلچىلىك ھېسابلىنىدىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۆزى پۇل بېرىپ كۆندۈرۈۋالغان ئىتلاردىن تەمە قىلىپ ھېچ يەرگە ھەرىكەت قىلماستىن بىر ـ بىرلەپ يوقۇتۇلۇشقا باشلىدى ۋە ھازىرغىچە تەلتۆكۈس يوقۇتۇلغانمۇ بولدى. ئۇنداقتا شۇنچە كۆپ بايلىرىمىزنىڭ، ئىنساننىڭ كۆزى يەتكۈسىز بايلىقى نېمىلەرگە سەرپ قىلىندى؟ ئۇلار ئۆزلىرى نەدە، بايلىقچۇ؟

ـ داۋامى كېيىنكى ساندا...

www.uyghurkitap.com



# تارىخنى نېمىشقا ئۆگىنىمىز؟

ئابدۇللا قاسىم

بۇ سوئالنىڭ ھەرگىزمۇ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك بىر جاۋابى يوق، قايسى نۇقتىدىن چىقىش، نېمىنى ئۆلچەم قىلىش، ھەتتا ئويلانغۇچىنىڭ قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئېرىشىدىغان جاۋابىمىزمۇ ھەر خىل بولىدۇ. تارىخ بەربىر ئۆتۈپ كەتكەن بىر دەۋر، ئۇ تەكرارلانمايدۇ، تارىختا بەرپا قىلىنغان سەلتەنەت، قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەرنى كۆشەپ يېتىشنىڭ بۈگۈنىمىز ياكى كەلگۈسىمىز ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىسى يوق دېگەندەك قارىماققا توغرىدەك بىلىنىدىغان، ئەمما چوڭقۇرراق مۇلاھىزىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان يەكۈنلەرنى جىق ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. بەلكىم يېقىنقى يىللاردا ۋەتەندە نەشر قىلىنغان تارىخىي رومانلارنىڭ كۆپلىكى، شۇنىڭغا ماس ھالدا بارلىققا كەلگەن تارىخىي رومان ئوقۇش قىزغىنلىقى بەلكىم مۇشۇنداق خۇلاسىلەرگە سەۋەپ بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل يەكۈنلەرنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ بېقىش ئۈچۈن مېنىڭچە مۇنداق بىر سوئالغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ: ئۇنداقتا مانا مۇشۇ نەشر قىلىنغان تارىخىي رومانلار ۋە بۇ تارىخىي رومان ئوقۇش قىزغىنلىقى ئۇيغۇرلاردا يېتەرلىك تارىخىي ئاڭ شەكىللەندۈرەلىدىمۇ؟ ياكى بىر مىللەتنىڭ تارىخىي ئېڭىنىڭ يۈكسىلىشىگە پەقەت تارىخىي رومانلارلا يېتەرلىكمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ سوئاللارغا دەرھاللا ھەئە دېيىش قىيىن، ھەتتا ھەئە دېيىشنىڭ ئۆزى خاتا. ئۇزاق تارىخىمىزنى قويۇپ تۇرۇپ، يېقىنقى يۈز يىللىق تارىخىمىزنى يۈزەكى ۋاراقلاپ باقساقمۇ، بۇرۇنقىلار سادىر قىلغان نۇرغۇن خاتالىقلارنى كېيىنكىلەرنىڭ شۇ پېتى تەكرارلىغانلىقىدەك ھەم ئېچىنىشلىق، ھەم كۈلكىلىك ھەم مەسخىرىلىك مىساللارنى نۇرغۇن ئۇچرىتالايمىز. ھېلىھەم بۈگۈنكى

رىئاللىقىمىزمۇ شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. تارىخىي ئاڭ دىگىنىمىز سەل ئابستراكت بىلىنىشى مۇمكىن، ئاددىي ئېيتقاندا، تارىخىي ئاڭ دىگىنىمىز بىزنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىمىزدىن توغرا تەجرىبە ـ ساۋاق يەكۇنلەش، رىئاللىقىمىزدا تەتبىقلاش شۇنداقلا بۈگۈنىمىز ۋە كەلگۈسىمىز مەسىلىلىرىنى شۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئاساسىدا كۆزىتىش ئىقتىدارىمىزنى كۆرسىتىدۇ، مۇشۇنداق تارىخىي ئاڭ بىزگە سىياسىي ستراتېگىيەلەرنى چۈشىنىش، بەلگىلەش شۇنداقلا، ستراتېگىيەلەرنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان باسقۇچلۇق پىلان ـ تاكتىكىلارنى پىلانلاش ـ ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۇرىدۇ، ستراتىگىيەلىك تەپەككۇرنى كەڭ ئارقا كۆرۈنۈش ۋە مول خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى ستراتېگىيەچى بولۇشى ناتايىن، ئەمما ستراتېگىيەچىلەرنىڭ ھەممىسى تارىخنى ئوقۇغان بولىدۇ. كىچىك بۇش ئىراققا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى بۈگۈنكى دەۋردىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئوتتۇرا شەرق تارىخچىلىرىدىن بىرى بېرنارد لۇيىس ئىدى.

تۆۋەندە بىز تارىخ ئوقۇشنىڭ زادى قانداق ئەمەلىي قىممەتلىرى بارلىقى ھەققىدە بىرلىكتە مۇلاھىزىگە چۆكۈپ باقايلى.

بىرەيلەن بىر غەلىتە كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى ھوشۇقىدىن كۆكۈرۈپ قىلىشقا باشلاپتۇ. دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە دەرھال كېسۋەتمىسە، بەدەنىنىڭ باشقا قىسىملىرىغا تارقىلىپ، جانغا خەۋپ ئەكىلىدىكەن. بىمار ئامالسىز قوشۇلۇپتۇ. ئەمما كېسەللىك ۋىرۇسلىرى بەكمۇ تېز تارقىلىشچان بولغاچقا، ئاللىبۇرۇن تىزىغا تارقاپ بولغانىكەن، دوختۇرلار يەنە كېسىشنى تەۋسىيە قىپتۇ، بىمار يەنە ئامالسىز قوشۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىمارنىڭ ئوڭ پاچىقى تولۇق كېسىپ تاشلىنىپتۇ. كېسەللىك بىر مەزگىل كونترول قىلىنىپتۇ، ئەمما ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن، بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامىتى ئۇنىڭ سول پۇتىدا كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن سول پۇتىنىمۇ كېسىۋېتىپتۇ. ئەپسۇس، ۋىرۇسنى يەنىلا تىزگىنلىگىلى بولماپتۇ. ئۇنىڭ قوللىرىمۇ يۇقۇملىنىپتۇ، ئامالسىز ئىككى بىلىكىنىمۇ كېسىۋېتىپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭغا سۈنئىي پۇت ۋە قول ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ. سەل ۋاقىتتىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ۋىرۇستىن يۇقۇملىنىشقا باشلاپتۇ. دوختۇرلار ئاۋۋال بۆرەكنى ئالماشتۇرۇپتۇ. بىمارمۇ ھايات قېلىش ئۈچۈن، دوختۇرنىڭ ئەزا ئالماشتۇرۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. شۇ تەرزدە بىمارنىڭ باشتا بۆرىكى، بىر مەھەلدىن كېيىن، جىگىرى، ئاشقازىنى، ھەتتا يۈرىكى ئالماشتۇرۇلۇپتۇ. ئاخىرى ۋىرۇس تارقىلىپ بويۇنغا كەپتۇ، دوختۇر ئەمدى ئاخىرقى چارە بېشىڭىزنى ئالماشتۇرايلى، شۇندىلا ھايات قالالايسىز دەپتۇ. قىزىق

بىرى، ھەممە ئەزاسىنى ئالماشتۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ كەلگەن بۇ بىمار، ئەمدى دەرھال ئالماشتۇرايلى دېيەلمەپتۇ. بەكلا ئىككىلىنىپتۇ، ئىلگىرى باشقا ئەزالىرىنى ئالماشتۇرغاندا بۇنداق ئىككىلەنمىگەن ئىكەن. ئاخىرىدا بىمار دوختۇردىن سوراپتۇ:

ـ بېشىمنى ئالماشتۇرساق راستىنلا ھايات قالالامدىم؟

ـ بۇنىڭغا چوقۇم دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن، ئەمما چوڭ ئېھتىمالدا ھايات قالىسىز.

ـ ئەگەر ھايات قالسام، ھايات قالغان ئادەم كىم بولىدۇ؟ مەن يەنە بۇرۇنقى مەن بولالامدىم؟

دوختۇر بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى پەقەت بىلەلمەپتۇ، ئۇ بۇنداق بىر سوئالنىڭ سورىلىپ قېلىشىنى پەقەت ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەن.

ـ بۇنى مەنمۇ ئويلاپ باقماپتىمەن، ئەپەندىم دەپتۇ دوختۇر ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن.

ـ ئۇنداقتا ئالماشتۇرۇپ يۈرمەيلى، چۈنكى ھايات قالغان ئۇ ئادەم مەن ئەمەسكەنمەن دەپتۇ بىمار.

ئەمدى بىز تۆۋەندىكى سوئاللارنى ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى:

ئەگەر بىمارنىڭ ئورنىدا سىز بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ ھايات قېلىش ئۈچۈن كاللىڭىزنى ئالماشتۇرامتىڭىز؟

سىزمۇ بىماردەك ئەگەر بېشىمنى ئالماشتۇرسام مەن ئۆزۈم بولماي قالىدىكەنمەنغۇ دەپ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

نېمشقا باشقا بارلىق ئەزالىرىنى ئالماشتۇرغاندا ئىككىلەنمىگەن ئادەم، بېشىنى ئالماشتۇرۇشقا كەلگەندە ئىككىلىنىدۇ؟

ئۇ نېمشقا ئۆزىنىڭ ‹مەن›لىكىنى ئالماشتۇرۇلۇپ كەتكەن باشقا بۆرەك، ئۆپكە، ئاشقازان، يۈرەكلىرىگە ئەمەس، بېشىغا باغلايدۇ؟

نېمشقا بېشىدىن ئايرىلىپ قالسا، ‹ئۆز›ىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، ئىلگىرىكى ئۆزى بولالمايدىغاندەك، ئەمدىكى ھايات قالغان ئادەم بۇرۇنقى ئۆزى ئەمەستەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ؟ ئۇنىڭ بېشىدا زادى نېمە بار؟

تەجرىبىچىلىك پەلسەپە ئېقىمىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان جون لوكنىڭ قارىشىچە ئادەملەرنىڭ بىلىمى ئۇنىڭ كەچمىش ـ تەجرىبىلىرىدىن كېلىدۇ، كېيىنكى ھايات كەچمىش ـ تەجرىبىلىرى ئۇنىڭغا يېزىلىپ، بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدە ئەسلىمە شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ ئەسلىمە ئۇنىڭ كىملىكىنىڭ مەنبەسى بولىدۇ. ئەمدى بىز تۆۋەندىكى كىنونىڭ پارچىغا قۇلاق سالايلى.

بەلكىم نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ھوللىۋودنىڭ جاسۇسلۇق تېمىسىدىكى داڭلىق كىنوسى ‹بورنىنىڭ كىملىكى› (Bourne Identity) ناتونۇش بولمىسا كېرەك. بۇ كىنو ھازىرغىچە تۆت قىسىم ئىشلەندى، ئالدىنقى ئۈچ قىسمى ئوخشاش تېمىدىكى كىنولارنىڭ ئەڭ سەرخىلى سانىلىدۇ. بۇنىڭدا خاتىرىسىنى

www.uyghurkitap.com

يوقاتقان بىر دەرىجىدىن تاشقىرى جاسۇسنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئىزدەش داۋامىدىكى كەچمىشلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ. باش پېرسۇناژ جېيسن بورن ئەسلىدە ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇتلەق مەخپىي پىلانلىغان بىر پروگراممىسىدا يېتىشتۈرۈلگەن پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە خادىملارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى. بۇلار مەخسۇس دۇنيا مىقياسىدا ئامېرىكىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخلارنى يۇلۇشقا مەسئۇل. پۈتۈن دۇنيادىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك ئۇلارنىڭ ئەزالىرى بار، ئۇلار شۇ يەرلەردە ئوقۇغۇچى دېگەندەك يالغان سالاھىيەت بىلەن ۋەزىپە بېجىرىدۇ. كىنونىڭ بېشىدىلا بورن ئىتالىيىنىڭ بىر دېڭىز قولتۇقىدا لەيلەپ قالغان يەردىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ، ئۇ ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەيدۇ، ئۇ ئوقتىن يارىلانغان ياكى سۇدا ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ خاتىرىسىنى يوقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىدە بار كىچىككىنە يىپ ئۇچى بىلەن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ، كىنو ۋەقەلىكى مۇشۇ يىپ ئۇچى بويىچە راۋاجلىنىدۇ. كىنودا باشتىن ئاخىرى ئۇ كىملىكىنى بىلەلمەي بەكلا بىئارام بولىدۇ، سىقىلىدۇ، روھى خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدۇ.

داڭلىق ختاي ئارتىسى چېڭلۇڭنىڭ ‹مەن كىم؟› دېگەن كىنوسىمۇ، ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولسا كېرەك، بۇنىڭدىمۇ چېڭلۇڭ خاتىرىسىنى يوقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىملىكىنى تېپىش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشقا ئايلىنىدۇ.

قىسقىسى، خاتىرىسىنى يوقىتىدىغان ۋەقەلىك چىقىدىغان كىنولار بەك كۆپ، ھەممىسىدىكى ئورتاقلىق شۇكى، ئۇلار خاتىرىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھەممىسى ئوخشاشلا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىزتىراپقا چۈشۈپ، نېمە ئىش قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئورنى، سالاھىيىتىنى بېكىتەلمەي قالىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ خاتىرىسىنى يوقىتىشتىن باشقا، سالامەتلىكى ياخشى، پۇلىسى بار، ھەتتا قولىدا بىر قانچە پاسپورتى بار، دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىن، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، خاتىرجەملىكتە ياشاش ئىمكانىيىتى بار. ئەمما، ھەممىسى مەن كىم؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ تاپمىغىچە كۆڭلى تىنمايدۇ.

بۇ كىنولارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مۇنداق ئورتاقلىق بار:

1 ـ خاتىرىسىنى يوقاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق چوڭقۇر پەرىشانلىق، چەكسىز ئىزتىراپقا گىرىپتار بولىدۇ. ئىنتايىن ئارامسىزلىنىدۇ، بىئارام بولىدۇ، سىقىلىدۇ.

2 ـ ھەممىسى ھاياتىنىڭ مەنىسىنى يوقىتىدۇ، نېمە قىلىشىنى، قەيەرگە مېڭىشىنى بىلەلمەيدۇ، ھايات نىشانىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش كىملىكىنى تېپىش بولۇپ قالىدۇ.

3 ـ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئازاپلاردىن كىملىكىنى تېپىش، بۇرۇنقى

ئۆزىنى بىلىش ئارقىلىق قۇتۇلماقچى بولىدۇ، خاتىرىسىز ياشاشنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

4 - يەنە بىر ئورتاقلىق شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىملىكىنى ئۆتمۈشىدىن ئىزدەيدۇ. مۇنداقلا دېگەندە، ئۆزىنى ئۆز كەچمىشىدىن، تارىخىدىن تاپماقچى بولىدۇ.

بۇلار بەلكىم مۇنداق سوئاللارنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن: ئۇلار نېمىشقا ئۆز كىملىكىنى ئۆتمۈشىدىن ئىزدەيدۇ؟ ھېلىقى بىمارمۇ نېمىشقا بېشىنى ئالماشتۇرۇشتىن ئۆلۈمنى ئەلا كۆرىدۇ؟ ئۇنىڭ بېشىدا ياكى مېڭىسىدە زادى نېمە بار؟

بۇ سوئالغا ئاددىي جاۋاب بەرسەك، بىمارنىڭ مېڭىسىدە دەل ئۇنىڭ خاتىرىسى، ئەسلىمىسى بار، ئۇ يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن «مەن» بار. كىنودىكى پېرسوناژلارغا نىسبەتەنمۇ ئۇلارنىڭ كىملىكى ئۇلارنىڭ ئەسلىمىسىدىن كەلگەن، ئەسلىمىسى بولغاچقىلا ئۇلار ئۆزى بولالىغان. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى يوقىتىشى ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆز ئەسلىمىسى، خاتىرىسىنى يوقىتىشىدىن كەلگەن. شۇنداق دېيىش تامامەن مۇمكىنكى، بىزنىڭ كىملىكىمىز ماھىيەتتە ئەسلىمىمىزدىدۇر. مېنى مەن، سىزنى سىز، ئۇنى ئۇ قىلغان نەرسە، تۇغما ئىرسىي پەرقلەردىن باشقا، بىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىشلىرىمىزدۇر. تۇغۇلغاندىن ھازىرغىچە بولغان ئۇزاق ھايات كەچمىشى جەريانىدا، بىز ئوخشىمىغان مۇناسىۋەت ۋە ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا شۇنىڭغا ماس سالاھىيەت ئالىمىز. تۇغۇلۇپ بالا بولىمىز، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىمىز، توي قىلساق ئەر ياكى خوتۇن بولىمىز، بالىمىز تۇغۇلسا دادا ياكى ئانا بولىمىز، يەنە خىزمىتىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، دوختۇر، ئوقۇتقۇچى، ساقچى، سودىگەر، ياغاچچى، تىككۈچى ياكى دېھقان بولىمىز. ۋەتەنگە نىسبەتەن پۇقرا بولساق، بالىلىرىمىزغا نىسبەتەن دادا - ئانا، ئىدارىمىزغا نىسبەتەن خىزمەتچى ياكى باشلىق بولىمىز. مانا مۇشۇ سالاھىيەت - كىملىكلىرىمىزنى تۇيۇقسىز ئۇنتۇپ كەتسەكچۇ؟ مەن مەن بولالامدىم؟ سىز سىز بولالامسىز؟ بۇ تەسەۋۋۇردىن بىز نېمىلەرنى ھېس قىلشىمىز مۇمكىن؟

ئادەمنى مەھرۇم قىلىشى تۇپەيلىدىن شۇنچە ئازاپقا مۇپتىلا قىلغان كىملىك شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسى، قىممىتى، نىشانى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، تېخىمۇ ئاددىي ئېيتقاندا، كىملىكى ئېنىق بولمىغان ئادەم ئۆزىنىڭ ماڭىدىغان يۆنىلىشىنىمۇ، ئىنتىلىدىغان نىشانىنىمۇ ئېنىق بېكىتەلمەيدۇ - دە، تەبىئىيلا نېمە ئىش قىلىشىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق بىر كىملىك بىر قاتار ھەرىكەتلەر بىلەن باغلانغان بولىدۇ، ھەر قانداق كىملىكنىڭ مۇئەييەن ۋە مۇقەررەر تەلەپ - تەقەززالىرى بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ دوختۇرلۇقىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ كېسەل داۋالاشنى بىلىدىغانلىقى

ۋە كېسەل داۋالايدىغانلىقى (يەنى بىلىش ۋە ھەرىكەت)نىمۇ ئېتىراپ قىلغىنىمىزدۇر. بىز بىراۋنىڭ مەلۇم سالاھىيىتىنى ياكى كىملىكىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ شۇنىڭغا لايىق ھەرىكەتتە بولۇشىنى كۈتكەن بولىمىز، ناۋادا ئۇ سالاھىيىتىگە لايىق ئىش قىلمىسا-دوختۇر كېسەل داۋالىمىسا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتمىسە، شوپۇر ماشىنا ھەيدىمىسە-ئۇنىڭ سالاھىيىتى ھەقىقىي سالاھىيەت بولماي قالىدۇ. كىملىك بىلەن ھەرىكىتىنىڭ ماس كەلمەسلىكى ئادەمدە دائىم سىقىلىش پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئادەم كىملىكىنىڭ تەلىپىگە لايىق ياشىيالىسا، ئۇ راھەت ھېس قىلسا، تەلىپىگە لايىق ياشىيالمىسا، يەنى كىملىكىگە زىت ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولسا، ئۆزى خالاپ قىلسا، ئۇنىڭ ھاياتى روھىي بىئاراملىقتىن، ئازاپتىن قۇتۇلالمايدۇ.

بىز بۈنى ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمان كىملىكى بىلەن باغلاپ ئويلىنىپ باقساقمۇ شۇنداق خۇلاسىگە ئېرىشىمىز، يەنى، بىز ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ ئېلان ۋە ئېتىراپ قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىر مۇسۇلماننىڭ كىملىكى تەقەززا قىلىدىغان، ئۇنى مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر يۈرۈش ئىش-ئەمەللەرنى قىلىشنىمۇ تەڭ ئېلان قىلغان بولىمىز. چۈنكى باشتا قەيت قىلغىنىمىزدەك ھەر قانداق كىملىك شۇ كىملىكنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھەرىكەتلەرنى تەقەززا قىلىدۇ. بىر ئادەم بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى

دەۋا قىلىدۇيۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلىقىغا زىت قىلىقلارنى قىلسا، ئۇنىڭ كىملىكى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىغان بولىدۇ-دە، بۇ خىل بىردەكسىزلىك ئۇنىڭ پسىخىك تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدۇ.

دېمەك، كىملىك بىلەن ھەرىكەتنىڭ بىرلىكى مەزكۇر كىملىكنىڭ ئىچكى تەقەززاسى ھېساپلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئادەمنىڭ ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش-ئۆتكۈزەلمەسلىكى، نىشانىنى تېپىش تاپالماسلىقى ئۇنىڭ ئۆز كىملىكىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقى ۋە بۇ كىملىكىگە بولغان ساداقىتىنىڭ قانچىلىك چىنلىقىغا باغلىق. كىملىكنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك توختىلىشنى يېتەرلىك دەپ قارايمەن.

بەلكىم بىز يۇقارقى بايانلارنىڭ تارىخ بىلەن نېمە ئالاقىسى بار دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن، بىر شەخس ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم ھېساپلانغان شۇ كىملىكنى بىر مىللەتكە تەدبىقلاپ ئويلاپ باقساقچۇ؟ شەخس ئۈچۈن مۇھىم ھېساپلانغان كىملىك، مىللەت ئۈچۈنمۇ شۇنداق مۇھىممۇ؟ مېنىڭچە بۇ سوئالغا ھېچكىم مۇھىم ئەمەس دەپ جاۋاپ بەرمىسە كېرەك. ئۇنداقتا شەخسنىڭ كىملىكى ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدىن كەلسە، كەچمىشىنى مەنبە قىلسا، ئۇ ھالدا، مىللەتنىڭ كىملىكچۇ؟ مېنىڭچە ئۇنىڭ جاۋابى تارىخ. مىللەتنىڭ كىملىكمۇ ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ئەسلىمىسىدە، يەنى ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

تارىخدا. خاتىرىسىنى ئۇنتۇتقان ئادەم، كىملىكىنى يوقاتقىنىدەك، تارىخنى ئۇنتۇتقان مىللەتمۇ ئوخشاشلا كىملىك كىرىزىسىگە مۇپتىلا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى شەخسكە نېمىدىن دېرەك بەرگەن بولسا، مىللەت ئۈچۈنمۇ شۇنىڭدىن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتتىن دېرەك بېرىدۇ. مىللەتنىڭ كىملىك تۇيغۇسىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى ئۇلارنىڭ تارىخنى ئۇنتۇشى بىلەن ئوڭ تاناسىپ. تارىخىدىن يىراقلىشىش، تارىخنى ئۆگەنمەسلىك ئۆزىنىڭ كىملىكىدىن يىراقلىششتۇر. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، پۈتۈن مىللەتتە يۆنىلىشىنى تاپالماسلىقتەك كوللېكتىپ كورلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ئەمدى تارىخ ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىگە يەنە بىر نۇقتىدىن نەزەر سالايلى. خىتايلارنىڭ كلاسسىك ھەربىي ستراتېگىيە ئەسىرى ‹سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى› دا، ‹ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلگەندە ھەر قانداق جەڭدە يېڭىسەن› دەيدىغان بىر مەشھۇر سۆز بار. ئەمما ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزگىنى بىلىش ئېيتىلغىنىدەك ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس. بىز بىر مىللەتنى چۈشىنىشنى قويۇپ تۇرۇپ، بىر يەككە ئادەمنى چۈشىنىش ھەققىدە ئويلىنىپ باقايلى. بىز دائىم كىنولاردا بولۇپمۇ، رازۋېتكا، جىنايەت كىنولىرىدا مۇنداق كۆرۈنۈشنى دائىم ئۇچرىتىمىز. جىنايەت گۇماندارى بېكىتىلگەندىن كېيىن، باش رازۋېتچىك دەرھال باشتىلا ئۇنىڭ ئارخىپىنى سورايدۇ، يەنى، ئۇ نەدە تۇغۇلغان؟ نەدە ئوقۇغان؟ ئوقۇغاندا نېمىلەرنى قىلغان؟ نەدە ئىشلىگەن؟ ئىلگىرى قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلغانمۇ يوق؟ ھەتتا خىزمەتداشلىرى، دوستلىرى، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق؟ دېگەنلەرنى ئاۋۋال ئېنىقلايدۇ. ھەممىمىز بىلىمىزكى، بۇلارنى ئېنىقلاشتىن مەقسەت، گۇماندارنى توغرا چۈشىنىش ۋە شۇ ئاساستا ئۇنىڭ شۇنداق جىنايەتنى سادىر قىلغانلىقى ياكى سادىر قىلىش ئېھتىماللىقىنى بېكىتىشتۇر. ناۋادا رازۋېتچىك گۇماندارنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە قانچە كۆپ ۋە توغرا ئۇچۇرغا ئېرىشەلىسە، دېلونى پاش قىلىش ئېھتىماللىقى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئارخىپى، باشقىچە ئېيتقاندا تارىخى شۇ ئادەمنى چۈشىنىشنىڭ نۇرغۇنلىغان يىپ ئۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇ يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن بىز بىر ئادەمنىڭ قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى پەرەز قىلىمىز. ئېرىشكەن يىپ ئۇچىمىز قانچە جىق بولسا ۋە ئۇنى توغرا ئانالىز قىلالىساق، پەرزىمىز شۇنچە توغرا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى بىلىۋالىمىز.

ئەمەلىيەتتە ئارخىپ ئۇقۇمى ھېچقايسىمىزغا يات ئەمەس، بىز مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ، تاكى خىزمەتكە چىققانغا قەدەر ۋە چىققاندىن كېيىنمۇ، سانسىز ئانكېت-جەدۋەللەرنى توشقۇزىمىز، ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئارخىپىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھازىرقى زامان دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى

ۋە شىركەتلەر مۇھىم ئورۇنغا تىزغان ئىشلارنىڭ بىرى. شەخسلەرنى ئارخىپلاشتۇرۇش دۆلەتنى، شىركەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىدارە قىلىشنى قولايلاشتۇرىدۇ، دۆلەت ـ شىركەتلەرنىڭ ستراتېگىيە ـ سىياسەتلىرىنىڭ ھۆلىنى تەمىنلەيدۇ.

ئەگەر شەخسنى چۈشىنىشتە ئۇنىڭ ئارخىپىغا مۇراجىئەت قىلساق، ئۇنداقتا بىرەر مىللەت ياكى دۆلەتنى چۈشىنىشتىچۇ؟ ئۇنىڭ تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىمىز. شۇڭلاشقا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ياكى تەتقىقات مەركەزلىرىدە باشقا دۆلەت ـ ئەللەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس ئاكادېمىك تەتقىقات ئورگانلىرى بولىدۇ، ئۇ ئورگانلارنىڭ تەتقىقاتلىرى شۇ پەننىڭ بوشلۇقىنى تولۇقلاش فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى شۇ دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى تەمىنلەيدۇ. دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر يا ھەمكارلىشىش يا رىقابەت ۋە ياكى يامان بولغاندا ئۇرۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ئۆزگىنى چۈشىنىش» ھەممە تەرەپلەر ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ، قايسى تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى ياخشىراق چۈشەنسە بۇ مۇناسىۋەتتىن شۇلار چوڭراق مەنپەئەت ئالىدۇ ياكى رەقىبىدىن ئۈستۈن كېلەلەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ سىياسىتى توغرا بىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، غالىپ كېلىش ئېھتىماللىقمۇ يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، قارشى تەرەپنىڭ تارىخىنى ياخشى تەتقىق قىلىش ھەرقايسى دۆلەتلەر مەخسۇس مەبلەغ سالىدىغان مۇھىم تۈر ھېساپلىنىدۇ.

تارىخ ئوقۇشنىڭ يەنە بىر مۇھىم پايدىسى ئۇ مىللەتلەرنى ئۆزى ھەققىدە سوغۇققان ئويلىنىش، ئۆزىنى سالماق دەڭسەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بىر شەخسنىڭ ئۆزىنى بىلىشى نوقۇل ئۆزى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ناۋادا بۇ بىلىش مۇشۇ يەك مەنبەلىك ئۇچۇرنىلا ئاساس قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشى كەمتۈك، ھەتتا خاتا بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئىنسان بىر ئىجتىمائىي مەخلۇقكى، ئۇنىڭ ياشاش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي كىملىكىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، ئۆزىنىڭ ئورنى، قىممىتىنى مۇئەييەن توپ ئىچىدىن ئىزدەيدۇ ۋە دەڭسەيدۇ. توغرا دەڭسەش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ بىلىشكە مۇھتاج. ناۋادا بۇگۈنكى دەرىجىسىنى پەقەت تۈنۈگۈنىگىلا سېلىشتۇرۇپ خۇلاسە چىقارسا، بەلكىم ئۆزىنى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئىلگىرىلىگەندەك ھېس قىلىپ، دەرھال مەمنۇنلۇق ھېسلىرىدا ئۆزىنى ئالداپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى باشقا تەڭتۇشلىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئويلانغىنىدا خۇلاسىسى چوقۇم باشقىچە بولىدۇ. ئۇنداق ئاسان مەمنۇنلۇق، مەغرۇرلۇققا چۆكۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ خىل سېلىشتۇرما ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شۇ مۇئەييەن توپ ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

زادى قانداقراق ئورۇندا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلەلەيدۇ. بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى دەڭسىشى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تارىخ ئوقۇش ئارقىلىق بىز مىللىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ئورنى، ۋەزنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز، مۇشۇنداق بولغاندىلا بۈگۈنىمىز، كەلگۈسىمىزگە ئالاقدار توغرا ستراتېگىيەلىك قارارلارنى چىقىرالايمىز. ئىنسانلارنىڭ توغرا تاللىشى ئۆزىنى توغرا تونۇشى، دەڭسىشىنى شەرت قىلىدۇ. ئۆزىنى توغرا دەڭسىيەلمىگەن بىر شەخس بەلكىم كەسىپ، ئورۇن، ۋەزىپە تاللىغاندا دائىم توغرا قارار چىقىرالمايدۇ. ئۆزىنى يا بەك قالتىس چاغلاپ قالىدۇ، ياكى ئۆزىنى ھېچنىمە قىلالمايدىغاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. ئوخشاشلا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى دەڭسىشىمۇ سېلىشتۇرما خۇلاسە ئارقىلىق ئوبيېكتىپلىققا يېقىنلىيالايدۇ، بۇنىڭغا تارىخ ئوقۇش، ئۆز مىللىتىنى باشقا مىللەتلەر سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يېتەلەيدۇ. يەنى، تارىخ بىزنى دەرەخنى كۆرگەندە ئورماننىمۇ كۆرۈش، ئورماننى كۆرگەندە دەرەخنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئاخىردا توختىلىدىغىنىمىز بولسا، تارىختىن ساۋاق ئېلىش ھەققىدە بولىدۇ. تارىخي تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش، ساۋاقلارنى خۇلاسىلەش، تارىخ ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسەتلىرى ۋە ئەھەللىي تەلەپلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇنى زىيادە زىغىرلاشنىڭ ئورنى يوق. قۇرئاننى ئوقۇپ باققانلارغا ئايانكى، قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرىكى ئۈممەت، مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان تارىخي قىسسىلىرى بايان قىلىنغان، ھەتتا بۇ قىسسىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ھەجمى ئەھكام ئايەتلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. ئاللاھ تائالا شۇ قىسسىلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن دائىم ئاخىرىدا ‹بۇ سىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن...› دەپ قىسسىلەرنى بايان قىلىشتىكى مەقسىدىنى سەممىزگە سالىدۇ.

‹كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدا ساڭا ھەقىقەت كەلدى، مۆئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەت ۋە ئىبرەتلەر باردۇر›[①].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىمۇ ماھىيەتتە بىزنى تارىخنى ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ: ‹مۆئمىن بىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىم چېقىلمايدۇ›. يەنى بىر قېتىم سادىر قىلغان خاتالىقنى يەنە بىر قېتىم سادىر قىلمايدۇ. ئىنسان ئالدىنقى خاتالىقنى يەنە تەكرارلىماسلىقى ئۈچۈن چوقۇم بىرىنچىدىن، ئۇ خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك، ئەگەر چىن ئېتىراپ قىلمىسا يەنە تەكرارلىشى شەكسىز. ئىككىنچىدىن، ئۇ خاتالىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك، ئەگەر ئۇنتۇپ قالسىمۇ يەنىلا تەكرارلاپ قېلىش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن شۇ خاتالىقنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى كېرەك. ناۋادا ئۇنداق

[①] سۈرە ھۇد 123 ـ ئايەت.

بولمىغاندا، خاتالىقنى يەڭگىل چاغلاپ قىلىپ يەنە سادىر قىلىدۇ. بىر ئادەم تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلەش ئۈچۈن، چوقۇم ھەممىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇرنىغا يەپ بېقىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەقىللىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ساۋاقلىرىدىن دەرس ئېلىشنى بىلىدۇ. بىر قېتىم چېقىلغان تۆشۈكتىن يەنە بىر قېتىم چېقىلماسلىق ئۈچۈن، دادىمىزنىڭ شۇ كاتەكتىن چېقىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىساقلا كۇپايە، چوقۇم ئەمدى يىلان يوقمىكىن دەپ قولىمىزنى يەنە تىقىپ بېقىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كاتەكنىڭ ئورنىنى، ئىچىدە قانداق زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەك، مانا بۇلارنى بىزگە تارىخ ئۆگىتىدۇ.

ساھابىلەر ئوھۇد غازىتىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاللا نازىل قىلغان تۆۋەندىكى ئايەتمۇ بىزنى خاتالىقلىرىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ: «ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، ئاللاھ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن ئاللاھ سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر» ①

ئاللاھنىڭ مەغلۇبىيەت سەۋەبىنى ساھابىلەرنىڭ خاتا قىلمىشىغا باغلىغانلىقىدا، خاتالىقلار ھەققىدە ئويلىنىش، خۇلاسە چىقىرىشقا بىر ئىشارە بار دېسەك خاتالاشمايمىز. چۈنكى، ئىككىنچى قېتىمقى جەڭدە مەغلۇپ بولماسلىق ئۈچۈن، بۇ خاتالىقنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك بولىدۇ.

تارىخى ئەسەرلەرنى ئىنچىكە نەزەر بىلەن مۇتالىئە قىلغىنىمىزدا، بىز جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ، شۇنداقلا قانۇنىيەت سىرتىدا سانسىزلىغان تەسادىپىيلىقلارغا تولغانلىقىنىمۇ تەڭ بايقايمىز. قانۇنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىزگە ئاساسلانغىلى بولىدىغان ئەندىزە، ئۆرنەك قىلغىلى بولىدىغان مودېللارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مانا بۇ ئەندىزە-مودېللار بىز ئۈچۈن كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقىمىزنى چۈشىنىشنىڭ سېلىشتۇرما ئاساسى، شۇنداقلا كەلگۈسىمىزنى پەرەز قىلىشىمىزنىڭمۇ دەسسەش نۇقتىسى بولالايدۇ.

ئاللاھ تائالامۇ قۇرئان كەرىمدە مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش ۋە ھالاكىتىدىمۇ دەل مۇشۇنداق ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىزگە نۇرغۇن ئايەتلەر ئارقىلىق بىلدۈرگەن، بولۇپ تۆۋەندىكى ئايەت شۇلاردىن پەقەت بىرىدۇر: «ئاللاھ بىر قەۋمنى

① سۈرە ئال ئىمران 152 ـ ئايەت.


ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگىچە ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ»[①] يەنى، ئاللاھ مەزكۇر ئايەتتە بىر قەۋمنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ. سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ ئايەت ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر توختىلالمايمىز. قىسقىسى قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى، پەسىللەرنىڭ نۆۋەتلىشىشى دېگەندەك تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىلا بايان قىلماستىن، يەنە مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيەتلىرىنىمۇ بايان قىلغان. قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە قوللىنىلغان سۈننەت ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى فىقھى مەنىدىكى سۈننەت بولماستىن، بەلكى قانۇنىيەت مەنىسىدىدۇر. «(بۇنداق بولۇشى) ئۇلارنىڭ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقلىرى ۋە ھىلە ـ مىكىر ئىشلەتكەنلىكلىرىدىندۇر. ھىلە ـ مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە قوللىنىلغان (ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت) يولىنىلا كۈتىدۇ، ئاللاھنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، ئاللاھ يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ كۆرمەيسەن». فاتىر 43 ـ ئايەت. يۇقارقى ئايەتتىكى سۈننەت كەلىمىسىنىڭ مەنىسى دەل قانۇنىيەت مەنىسىدىدۇركى، قانۇنىيەت دېگىنىمىز شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىدە خىلاپلىق قىلىنسا بولمايدىغان قائىدىلەر يىغىندىسىدىن ئىبارەتتۇر. ھەر قانداق مەغلۇبىيەت ماھىيەتتە ئالاقىدار قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ، خىلاپلىق قىلىش بولسا، ئەنە شۇ قانۇنىيەتلەرنى بىلمەسلىكتىن، ھەرىكەت ئاساسى قىلماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز تېخى قۇرئان كەرىمدىكى ئۆتمۈش ئۈممەتلىرى قىسسىلىرىنى يېتەرلىك تەتقىق قىلمىدۇق.

قىسقىسى، ئەۋلادلار ئەجدادلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى قايتا سادىر قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قاچان؟ قەيەردە؟ نېمە سەۋەبتىن ئۇ خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلىقىنى بىلىشى كېرەك، ناۋادا بىلمىسە، ئوخشاش خاتالىق بوۋىدىن دادىغا، دادىدىن بالىغا، ھەتتا نەۋرىگە قەدەر مىراس قېلىشى مۇمكىن. دېمەك، ئەۋلادلار ئەجدادلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىلا ئەمەس، خاتالىقلىرىنىمۇ ئوبدان تەتقىق قىلغاندا، ئۆگەنگەندە، ئاندىن ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تەكرارلاپ تاشلاشتىن ساقلىنالايدۇ. مانا مۇشۇ خاتالىقلارنى بىلىش، ماھىيەتتە تارىخ ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئاندىن قولغا كېلىدۇ.

[①] سۈرە رەئد 11 ـ ئايەت.



www.uyghurkitap.com




«پەرزەنتلەرنى ھازىرغا ئەمەس كەلگۈسى ئۈچۈن تەربىيەلەڭلار»

ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب

ئاتا ـ ئانىنىڭ رولى بالىنى دۇنياغا كۆز ئاچقۇزماق ۋە ئۇلارنىڭ ماددى ئېھتىياجلىرىنى قامدىماق بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ ئاساسى مەسىلىلەرنىڭ ئازغىنە بىرقىسمى بولۇپ، بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشى بىلەن بىرلىكتە يەنە قابىلىيەتلىك، پىشقان بىر ئادەم بولۇپ، يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن زور كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

بالا تەربىيەسىدە ئائىلىنىڭ رولى ھەقىقەتەن ئىنتايىن چوڭ، بۇنىڭ تەسىرى ئۆمۈر بويى يوقالمايدۇ. بالىلارنىڭ قابىلىيىتىنى جارىي قىلدۇرالايدىغان، ھەققانىيەتچى، سەممىي، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە، ئادىمىيلىك قارىشى توغرا بولۇپ يېتىلىپ چىقىشى ئۈچۈن يۇقىرىقى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى ئانا دادىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەختلىك بىر ئائىلىسىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم.

بىر بالىنىڭ توغرا بولغان تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۈلگە بولغان پوزىتسىيەسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىر ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشى باللىق مەزگىلدە قانداق تەربىيىلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ئاۋام خەلقنىڭ قانداق بولۇشى شۇ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيەلىشىگە باغلىق دېيىمىز ئەمەسمۇ. مىسالغا ئالساق، ئادەم ساپال قاچىغا ئوخشايدۇ، كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھالىتى شەكىللىنىدۇ. باللىق مەزگىل دەل ساپال قاچا ياسايدىغان سېغىز لايغا ئوخشايدۇ، قانداق تەربىيەلىسە شۇنداق ھالەت شەكىللىنىدۇ.

مېنىڭچە بالىلارنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. بەزىلەر ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئوخشاش بۇنداق زور ئىشلارغا بالىلار چوڭ بولغاندا ھازىرلانسىمۇ بولىدۇ دەيدۇ. بۇ خاتا قاراشتۇر، ئەمەلىيەتتە بالىغا نىسبەتەن ئويۇن ئويناشنى بىلگەندىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى باشلانغان بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا، باللىق مەزگىلدىكى دەسلەپكى تەربىيە قانداق قىلىپ تالانتلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ؟ بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىداردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە قاتارلىق ئىلىم پەن تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، كىشىلەردە بىرخىل ئالاھىدە ئىقتىدار بولىدۇ. بۇخىل ئىقتىدار ئادەم بەدىنىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنى ئاسانلىقچە سىرتتىن بايقىغىلى بولمايدۇ. بۇ دەل بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يوشۇرۇن ئىقتىداردىن ئىبارەت. بۇخىل يوشۇرۇن ئىقتىدار دەل تالانتتۇر. تالانت، ھەرگىزمۇ بىز دەيدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەردە بار بولغان ئەمەس، بەلكى ھەر بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ھەرئادەم ئوخشاش تالانتلىق ۋە قابىلىيەتلىك ئەمەس؟ بۇ دەل ئائىلە تەربىيەسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. 100%تالانت بىلەن تۇغۇلغان بىر بالىنى تەربىيەلەشكە كۆڭۈل بۆلمەستىن ئۇنى ئۆزمەيلىگە قويۇپ، پەقەتلا ياخشى يېگۈزۈپ، ياخشى كىيگۈزۈپ، چوڭ قىلغاندا ئۇ بالا پەقەت 20 ـ 30% تالانتنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشى ۋە توغرا تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسە 60% ـ 70% ھەتتاكى 80% ـ 90% تالانتنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقى دەل تالانتلىقلارنىڭ ئارىمىزدا ناھايىتى ئاز بولۇۋاتقانلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب.

قانداق قىلغاندا تالانتلىق بالىلارنى كۆپلەپ تەربىيەلەپ چىققىلى بولىدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانا ۋە تەربىيەلىگۈچىلەرنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشى، چۈشىنىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىلىق بالىلار ۋۇجۇدىغا

يوشۇرۇنغان بۇ ئىقتىدارنى بالدۇر قېزىپ چىقىشى ۋە باللاردىكى تالانتنى ئىختىيارى يوسۇندا جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلىشىدىن ئىبارەت.

باللاردىكى بۇ يوشۇرۇن ئىقتىدار بالدۇر بايقالمىغاندا بالا تەربىيەسىدە ئۇنۇم قازىنىشقا تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟

گېرمانىيەلىك مائارىپچى كارل ۋىتىر ئۆزىنىڭ كىتابىدا بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاتا - ئانىلارنىڭ دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىدىغان بىر مەسىلە شۇكى، باللار گەرچە يوشۇرۇن ئىقتىدار ھازىرلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇخىل يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەدرىجى ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن 100%يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيە بېرىلسە، ئۇنداقتا ئۇ 100% ئىقتىدار ھازىرلىغان ئادەم بولۇپ، يېتىشىپ چىقىدۇ. مۇبادا بەش ياشقا كىرگەندىن باشلاپ تەربىيەلەنسە، ھەتتا ئىنتايىن ياخشى تەربىيەلەنگەن تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت 70% ـ 80% ئىقتىدار ھازىرلىغان ئادەم بولۇپ، يېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ 10 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا تەربىيەلەنسىمۇ، پەقەت 50% ـ 60% ئىقتىدار ھازىرلىغان ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى باللارنىڭ تەربىيەسى قانچە كېچىكىپ باشلانسا، يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇش نىسبىتى شۇنچە ئاجىز بولىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ ناچار قىلىقلىرىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. باللارنىڭ ناچار قىلىقلىرى كۆپ ھاللاردا زېھنىنى قەيەرگە سەرپ قىلىشىنى بىلەلمىگەنلىكتىن بولىدۇ، بۇ شۇبھىسىزكى، زېھىن ئىسراپچىلىقىدۇر. ئاتا ـ ئانىلار قۇرۇق ئەندىشىنىڭ ئورنىغا، بالىسىنىڭ زېھنىنى ئىسراپ قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىكى كېرەك.

ساھابىلەرنىڭ بالا تەربىيەسى ھەققىدە بەرگەن تەلىماتىمۇ دەل بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قارنىدىكى ۋاقتىدا تەربىيەنى باشلاش كېرەكلىكى ئىدى.

غەرب ئەللىرى تەتقىقات بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ ئۇسۇلنىڭ بالا تەربىيەسىدە نەقەدەر توغرا، نەقەدەر مۇھىم بولغان ئىنچىكە نۇقتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى ۋە ئاللىبۇرۇن كەڭ تەشۋىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە باشلىدى. بالا تەربىيەسىدە مۇھىم نۇقتىلارغا ئىگە بولغان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېشى كىچىك تۇرۇپلا پىروفېسسورلار، دوكتورلار، ھەرخىل تەتقىقاتچىلار ھەر ساھەدە ئۇتۇق قازانغانلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ئىشقىلىپ ھەر ئىشنىڭ بېشىدا ئۇلاردىن بىرى بولۇشقا باشلىدى.

بۇ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە چەتئەللىكلەرنىڭ باللىرى باشقىچە ئەقىللىق بولىدۇ، دېگەن قاراش بىلەن ئۆتمەكتە. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق ئەمەس، بۇ پەقەتلا ئۇلارنىڭ

تەربىيەلىگۈچىلىرىنىڭ ئۈنۈمى خالاس. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مىللىتىمىز قەدىمدىن تارتىپ تارىخ كىتابلىرىدا ناھايىتى ئەقىللىق، جەسۇر ـ باتۇر كىشىلەر دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ تۇغما ئەقىللىقلىقىمىزغا ئىشەنگەن ھالدا ھەر ئىشقا يۈزەكى شەكىلدە مۇئامىلە قىلىپ قاراپ كەلدۇق. بۇنىڭ ئارىسىدا كىلەچىكىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنى تەلەيگە باغلاپ قويغانلىقىمىزمۇ يوق ئەمەس ئەلۋەتتە. ئەمەلىيەتتە بىز دىنىمىزغا ئەڭ سادىق كىشىلەر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ ئۇلۇغ تەۋسىيەلەردىن ئەڭ ئاۋۋال بىزنىڭ خەۋەردار بولۇشىمىز ۋە بىز ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما بەزى كىشىلەر زىيادە تىرىشىش باللارنىڭ نېرۋىسىغا زىيانلىق دەپ ئويلايدۇ. بۇ بىرخىل خۇراپىي قاراش. تەتقىقاتچىلار پەقەت قىزىقىش ئاساسىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگەنگەندىلا قانچىلىك تىرىشسىمۇ نېرۋىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئارىمىزدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىپ بېرىلىۋاتقان ھازىرقى تەلىم ـ تەربىيە مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك بولۇپ، باللاردا قىزىقىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەش مىنۇت ئارتۇق كىتاب كۆرگەن باللاردا دەرھال باش ئاغرىش، كۆزى چېڭقىلىشقا ئوخشاش نېرۋىسىغا ئېغىر كەلگەندەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بىلىمنى ئۆزىنىڭ قىزىقىشى، كەلگۈسىدىكى پىلانلىرى ئۈچۈن بىر كۆۋرۈك مىسالى ئورنىدا كۆرمەستىن، بەلكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۈنىڭغا ئارتىپ قويغان ئېغىر يۈكىدەك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا تېخى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش روھى يېتىلمىگەن، ھەمىشە ئاتا - ئانىسىنىڭ زورلىشى، بېسىمى ئاستىدا ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ ھېسابىنى بىراقلا چىقىرىشقا مەجبۇرلانغاندەكلا. بالىڭىزنىڭ بۇ ئەھۋالغا قاراپ تىرىشچانلىقىڭىزنىڭ قانچىلىك ئۈنۈم بىرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايسىز. ئۆزىڭىزنىڭ قەيەردە خاتا قىلغانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ توختىمايسىز، بالىڭىزنىڭ كىمنى دوراپ قالغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرىسىز. پۈتۈن بۇلارنىڭ سەۋەبى تەلىم ـ تەربىيەنى باشلاشقا تېگىشلىك ئالتۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكىنىڭىزدىن بولغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى چوڭ قىلىشتا ئۇلارغا ئەڭ ياخشى شارائىتنى يارىتىشقا، ئۇلارنى كەلگۈسى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ھازىرلاشقا تىرىشىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەڭ ئورتاق سادىر قىلىدىغان ئاددى خاتا ئۇسۇلى بولسا، بالىسىنى مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىش. شۇنى ئۇنۇتماڭكى، ھاياتتا مۇكەممەللىك بولمايدۇ. بۇنىڭ مىسالى ئاتا - ئانىنىڭ بالىسىغا زىيادە چوڭ تەلەپ قويۇۋېلىشى، ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەستىن بالىسىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلار تۈزۈشى. بالا تەربىيەسىدە ئەڭ

ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنىڭ بىرى قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەش، ئۇمىدنى، تەلەپنى ئەڭ تۆۋەن چەكتىن باشلاش. بۇنداق بولمىغاندا بالىنىڭ ھەر قېتىملىق خاتالىقى، قىلالماسلىقى، ئۆگىنەلمەسلىكى، ئاتا - ئانىنىڭ قەلبىدە بىر مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ ـ دە، بالىسىنىڭ قىلالمايدىغانلىقىغا تەسلىم بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۈزگەن بۈيۈك پىلانلار كەلمەسكە ئۇچۇپ كېتىدۇ. ھەر ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ قوللىنىلغان بارلىق ئۇسۇللار ۋە ئائىلە مۇھىتى بالىلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، بالىلار ھاياتقا ئۆزى ئۆرنەك ئالغان كىشىلەرگە ئوخشاش پوزىتسىيەدە بولىدۇ. پسىخولوگلار بالىلارنىڭ يېتىلىشىدە ئائىلىلەرنىڭ مۇھىتىنى مۇنداق ئالتە تۈرگە ئايرىغان.

بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئائىلە مۇھىتلىرى

1. ھاكىملىق تۈسى ئالغان ئائىلە مۇھىتى

بۇ ئائىلىدە ئاتا - ئانا مەركەز قىلىنغان بىر ئۇسۇل بولۇپ، كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئورتاقلاشقان. بالىلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى بارلىق ئېھتىياجلىرى ئاتا - ئانىنىڭ قوراللىرىغا قارىتا تۈزۈلىدۇ. بالىنىڭ ھېچ قانداق بىر ئىشىدا ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىش ھوقۇقى يوق. بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بارلىق تۈزۈملىرىگە چوقۇم بويسۇنۇشى كېرەك. ھەتتاكى بالىنىڭ ئىرىشكەن نەتىجىسى بىرەر قېتىممۇ تەبرىكلەنمەيدۇ ۋە تېخىمۇ ياخشى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىدىن گەپ ئاڭلايدۇ.

ئەسلىدە بالىلارنىڭ قەلبىدە ئايغىنىڭ بوغۇچنى چېگەلمەسلىك بىرمەغلۇبىيەت، بوغۇچنى چېگەلىگەنلىك بىر غەلىبە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ بۇ ھېسسىياتىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇپ باقمايدۇ، ھەر ۋاقىت بالىسىدىن ئاغرىنىش، نەتىجىلىرىگە قارىتا رازىمەنسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

بۇ ئۇسۇللار ھۆكۈم سۈرگەن ئائىلىلەردە چوڭ بولغان بالىلاردا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولىدۇ. ھەمىشە باشقىلارنىڭ قارارى ئاستىدا ياشاشقا ئادەتلىنىدۇ. جامائەت ئورۇنلىرىدا دادىل پىكىر قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

2. بالىلار مەركەز قىلىنغان ئائىلە مۇھىتى

بۇ ئائىلىلەردە بالىلار ئائىلىنى باشقۇرىدۇ. بالىنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى دەرھال قۇسۇرسىز شەكىلدە بەجا كەلتۈرۈلىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ھېچ ئىشتا توسمايدۇ، ئۇلارغا قائىدە ـ تۈزۈملەر يۈرگۈزۈلمەيدۇ. بالىلار ھەتتا ئائىلىسىنىڭ نىمىنى قىلىپ، نىمىنى قىلماسلىقنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ زور تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بالا ھەر ۋاقىت ئۇلاردىن قۇسۇر تاپىدۇ، بالىسىنى رازى قىلىش ئۈ ئاتا - ئانا

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئېرىشەلمەيدىغان بىر خۇشاللىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردە بالىلارغا سۇنۇلغان قۇسۇرسىز مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنىڭ كەينىدىن بالىدا جەمئىيەتۋازلىق شەكىللىنىدۇ. مەكتەپتە ۋە ئەتراپىدا بىرتوپ (لەشكەرلەر) گە ھۆكۈمدارلىق قىلىدۇ. ئەتراپىدىكىلەرگە قارىتا ھۆرمەت تۇيغۇسى كۆرسىتەلمەيدۇ.

3. قوغدىغۇچى ئائىلە مۇھىتى

ئاتا - ئانىنىڭ بالىسىنى زىيادە قوغدىشى، ھەددىدىن زىيادە كونترول قىلىشى ۋە ئالاھىدە قارىشىنى كۆرسىتىدۇ. بالىسىنى بوۋاقلاشتۇرۇش بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، 5 ـ 6 ياشتىمۇ تامىقىنى ئانىسىنىڭ يېگۈزۈشى، ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇخلاشقا ئادەتلەندۈرۈش، 6 ـ 7 ياشتىمۇ ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن يۇيۇپ قويۇلىدىغان بالىلار.

قوغداش ئىدىيەسى كۈچلۈك ئائىلىلەردە ئاتا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاتا بالىنى ھەددىدىن زىيادە قوغدايدۇ. ئالاھىدە مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بالىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشلارنى ئۆزى قىلىدۇ. بالىسىنىڭ چارچاپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. ھەتتاكى، بالىسىنىڭ چارچىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تاپشۇرۇقلىرىنىمۇ ئىشلەيدۇ. كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلار تەربىيەسىدە ئەڭ ئوڭاي سادىر قىلىدىغان خاتالىقى شۇكى، ئىشتىن بۇرۇنلا بالىسىنى قىلالمايدۇ، چارچايدۇ، ئېغىر كېلىدۇ دەپ پەرەز قىلىش. شۇڭا ھەممە ئىشنى بالىنىڭ قىلىشىغا يول قويماي بەلكى ئۆزى قىلىدۇ. ئويلىمىغان يەردە بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بالا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى، ئۆزى تىرىشىپ ئىزدىنىدىغان ۋە ئىنتىلىدىغان، ئۆزىنى چېنىقتۇرىدىغان ئاڭلىقلىقىنى ئاستا ئاستا يوقىتىپ قويىدۇ. بالىنىڭ ھەرخىل چېنىقىش، تاۋلىنىش ئارقىلىقلا ئۆزىنى ياراملىق ئادەم قىلىپ، يېتىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىدەك قائىدىنى ئاتا - ئانىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بالىدا كۈچلۈك يۆلىنىۋېلىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئۆزىنى ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيدىغاندەك قابىلىيەتسىز ھېس قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ ھېس قىلمىغاچقا بالىمۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئىشەنچ كۆچى بىلەن قارىمايدۇ.

4. قارارسىز ئائىلە مۇھىتى

بۇ يەردە ئاتا - ئانىنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە قارارسىزلىقى بالىنىڭ ھاياتىدا بەختسىزلىك پەيدا قىلىدۇ. بالىغا بولغان مۇئامىلىدە باشتىن ئاخىرى بىر خىل بولۇشى، بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىشى، ھەممە ئىشتا ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بالىلار ئازابلانمايدۇ. ھەممىشە يۈز بەرگەن قارارسىزلىق بالىلاردا ئېغىر دەرىجىدە پىسخىكا تۇسالغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ئەتراپىمىزدا

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىسىغا قويىدىغان چەكلىمىسىنىڭ تايىنى يوق، بالىسىغا خاتالىق ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىنى بەرمەيدۇ، ئەمما يالغان سۆزلەپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش پۇرسىتىنى قوش ـ قوللاپ سۇنىدۇ. بالىمۇ ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، بۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما مۇمكىن بولىدىغىنى بالىنىڭ شۇ خاتالىقنى بويىنىغا ئېلىشى ۋە ئۆزگەرتىشكە، ئورنىنى تولۇقلاشقا بەل باغلىشىدۇر. ئەمما كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ خاتالىقىدىن كېيىن ئۇنىڭ راستىنى ئېتىراپ قىلىشىغا جازا بىلەن، يالغان سۆزلەپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ـ دە، بالىنىڭ شۇ كىچىك قەلبىدە (يالغان سۆزلەش) تىن ئىبارەت بىر قورال مەيدانغا كېلىدۇ. تۇراقسىز ھەم باشتىن ئاخىرى بىردەك ئەمەس ئۇ چارىلەر بەزىدە كارغا كېلىدۇ، بەزىدە ئۆزگەرتكەنسىرى كارغا كەلمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چەكلىمىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ، دېگەن قاراش بالىلارنىڭ قەلبىگە ئورناپ كېتىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، گەپ ـ سۆزلىرىدە ئەستايىدىل بولمىغاندا بالىلاردىن ئەستايىدىللىق كۈتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىر چەكلىمىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگەندە بالىغا نېمە ئۈچۈن دەسلەپتە چەكلىگەنلىكى، ھازىر نېمىشقا قوشۇلغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشى كېرەك.

### 5. پەرۋاسىزلار ئائىلە مۇھىتى

بۇنداق ئائىلىدە ئاتا ـ ئانا بالىغا يېتەرلىك مېھىر مۇھەببەت ئاتا قىلمايدۇ، بالىسى ئۈچۈن ۋاقىت ئايرىمايدۇ. بالىغا ۋاقىت ئايرىش، پۈتۈن كۈن بالىسى بىلەن بىرگە بولۇشنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بولغان قىسقىغىنە بىر ۋاقىتنىمۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشتۇر. بەزىدە ئەتىگەندىن كەچكىچە بالىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇش بىلەن بەش مىنۇت بالىسىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە تىرىشىش ئارىسىدا بولغان پەرق ئىنتايىن زور ۋە بالىغا بولغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى پەقەتلا ماددىي جىسىملاردىن تەمىنلەيدۇ. بالىنىڭ قەلبىدىكى نامراتلىقنى ھېس قىلالمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسىدىن كۆڭلى تويمىغان بۇنداق بالىلار ئۆزلىرىگە باشقا تەسەللى ئىزدەيدۇ. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، ھېسداشلىقنى قوزغاش ئۈچۈن ھەرخىل ئۇسۇلنى سىنايدۇ. كىشىلىك ھاياتتا باشقىلارغا ناھايىتى رەھىمسىز، قوپال، مەسئۇلىيەتسىز مۇئامىلىدە بولىدۇ. جوسە مائۇرودە ۋاسكونكەلوسىنىڭ (تاتلىق ئاپېلسىن) كىتابىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشەلمىگەن، ھەمىشە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئازار يەيدىغان بالىلارچە ئېرىشكەن كىچىككىنە نەتىجىسى ئائىلىسىدىن بىرەر قېتىم تەقدىرلەنمىگەن، باللىق ھاياتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشتە ياشاپ ئەمەلىيەتتە تەمىنى تېتىپ باقمىغان زەزە ئىسىملىك بىر بالا ھەققىدە سۆزلەيدۇ، ئائىلىسىدىن ئېرىشەلمىگەن سۆيگۈنى سىرتتىن ئىزدەيدىغانلارغا ئوخشاش زەزەمۇ بارلىق مېھىر-شەپقەت ۋە سۆيگۈنى بىر تاتلىق ئاپېلسىن دەرىخىدىن ئىزدەيدۇ. دەرەخنى يىغى نوتا ھالىتىدە تىكىپ ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر چوڭ بولىدۇ. ئاپېلسىن دەرىخىنىڭ ياخشى چوڭ بولۇشى ئۈچۈن بارلىق سۆيگۈسىنى بېغىشلايدۇ. كېيىن مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن مۇئەللىمىنىڭ مېھرى بىلەن يارامىلىق بالىغا ئايلىنىدۇ. ئارىمىزدا بۇنداق زەزەدىن قانچىسى بار؟ ئەمما ھەممە بالىلار زەزەگە ئوخشاش مېھىر-شەپقەتنى بىر تاتلىق ئاپېلسىن دەرىخىدىن ئىزدىسە مەسىلە چوڭ ئەمەس، ئەمما مېھرىمىزگە قانمىغان بۇ بالىلارنى ھاياتى دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ سۈرەتلىرى ئۆزىگە تارتىپ بىزگە پەقەت بىر ئاچچىق ساۋاق قىلىپ قايتۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ھېچقانداق بىر بالا يارامسىز ئەمەس. سەۋەب، پەقەت ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قۇرۇق قالغانلىقىدا. ھەرقانداق بىر بالىنى مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. بىر دانىشمەندىن كېسەللەرنىڭ داۋاسى ھەققىدە سورالغاندا (مېھىر - مۇھەببەت) دەپتۇ، ئەگەر يەنە ساقايمىسىچۇ دېيىلگەندە، مىقدارىنى كۆپەيتكىن دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

6. ئىشەنچ بەرگۈچى ۋە قوللىغۇچى ئائىلە مۇھىتى:

بۇ تۇردىكى ئائىلە مۇھىتىدا بالىلارغا نىسبەتەن، ھۆرمەت، چۈشىنىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ، ئاتا-ئانا بولغۇچى بالىسىنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ، ئۇنىڭ باللىق قەلبىنى ھۆرمەتلەيدۇ، بالىسى ئالدىدا ئۆزىنىڭ خاتالىقنى بويىنىغا ئالىدۇ-دە بالىسىمۇ بۇ ئېسىل ئادەتتىن ئۆزۈنىدە قوبۇل قىلىدۇ. بالىسىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزىشىدىن ئەمەس، ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى ھېس قىلالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. بالىسىنىڭ ھەرقانداق ياردىمىدىن كېيىن رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ ۋە بالىسىمۇ ئانىسىنىڭ تامىقىدىن كېيىن رەھمەت ئېيتىدۇ. بۇ ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ نەتىجىسىنىڭ كۆپ بولۇشىغا ئەمەس، بەلكى ئادىمىيلىكىنىڭ توغرا بولۇشىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ. بالىغا قويغان چەكلىمە، تۈزۈملەردە باشتىن ئاخىرى بىردەك بولىدۇ[1].

---

[1] «جوسە مائۇرو دە ۋاسكونكەلوس 1920-يىلى بانگۇدا تۇغۇلۇپ برازىلىيەدە چوڭ بولغان داڭلىق يازغۇچى. 1984-يىلدا سائو پائۇلو دا ۋاپات بولغان».
«تاتلىق ئاپېلسىن كىتابىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى ئايدىن ئەمەك 1939-يىلى ئىستانبۇلدا تۇغۇلغان، يازغۇچى، مۇھەررىر، 1986-يىلى 47 يېشىدا ۋاپات بولغان.»




تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى گۆھەر زېمىن ھېسابلانغان كۇچا بوستانلىقىدا 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئىسلام دىنى يىلتىز تارتىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگىچە ئىسلام دىنى بۇ زېمىندا تەلتۆكۈس ئومۇملىشىپ بولالمىدى. گەرچە بۇ ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىدا كۇچانىڭ بەزى يېزا، قىشلاقلىرىدا بىر قىسىم مەسچىت، مەدرىسلەر سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ سەلتەنىتى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى. شۇڭا ھازىرغىچە، بىزگە يېتىپ كەلگەن كۇچا ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئىسلام دىنىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەسچىت ـ جامى، مەدرىس قۇرۇلۇشلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ سېلىنىشقا باشلىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق.

يېپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم شەھەر ھېسابلانغان كۇچا 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان بولسا، 14 ـ ئەسىردىن باشلاپ چاغاتاي ئەۋلادلىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان مەۋلانە ئەرشىدىنىڭ نامى بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقلىمىغا تونۇلدى ۋە بارا ـ بارا ئىسلام دىنى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەرشىدىن خوجىنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى ئەينى دەۋردە تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن قاتتىق قوللاشقا

www.uyghurkitap.com

ئېرىشكەنلىكتىن پۈتۈن كۇچا مىقياسىدا مەسچىت ۋە مەدرىسىلەر كۆپلەپ قۇرۇلۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسچىت سېلىش ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ ساۋابلىق ئىشلارنىڭ بىرى، دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەردە مەسچىت سېلىش قىزغىنلىقىمۇ بولغان. ئەمما پۈتۈن كۇچا مىقياسىدا قانچىلىك مەسچىتنىڭ بارلىقى ھەققىدە ھەرقايسى دەۋرلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىستاتىستىكىلىق ماتېرىيال بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۇچادا زادى قانچىلىك مەسچىتنىڭ بارلىقى ھەققىدە تاكى 1953 ـ يىلغىچە ھېچقانداق تارىخىي ھۆججەت قالدۇرۇلمىغان.

كۇچا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1953 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن كۇچادا چوڭ ـ كىچىك بولۇپ، جەمئىي 635 مەسچىت[1] بولغانلىقى مەلۇم. ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل كۈرەشلەر جەريانىدا بۇ مەسچىتلەرنىڭ بىر قىسمى چېقىۋېتىلىپ، 533 مەسچىت[2] قېلىپ قالغان. 1967 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نامىدا باشلانغان زۇلمەتلىك، قارا كۈنلەردە يالغۇز ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي، مەنىۋى ۋە ئېتىقادىي مەۋجۇدىيىتى تەھدىت ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار تەۋە بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئۇلگىلىك مىراسلىرى بولغان مىمارلىرىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شەھەر، يېزا ۋە مەھەللىلەردىكى ئوخشىمىغان دەۋرلەرنىڭ شاھىدلىرى بولغان، يۈز يىللارچە تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن، بىنا قىلىنىشى نەچچە ئون يىللارغا سوزۇلغان چوڭ ـ كىچىك مەسچىتلەر دىلى كور ئىنسانلار تەرىپىدىن بىر كۈن ئىچىدە خارابىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. مەھەللىمىزدىكى چوڭ دادام ئابىت ھاجىم نامىدىكى مەسچىتمۇ 1967 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئاشۇ دىلى كور ئىنسانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانىدى.

چوڭ دادام ئابىت ھاجىم كۇچادىكى نامى بار كاتتا بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كۇچا كونا شەھەر پاختا بازاردىكى ۋە ئىشخانا يېزىسىنىڭ تۆۋەن بىجاق كەنتىدىكى نەچچە يۈز گېكتار زېمىننىڭ ئىگىسى ئىدى. چوڭ دادام ئابىت ھاجىمنىڭ ئاتىسى شەمشى ھاجىم، شەمشى ھاجىمنىڭ ئاتىسى ئىسمائىل ھاجىم، ئىسمائىل ھاجىمنىڭ ئاتىسى رەخىم ھاجىم بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد تىجارەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، جاھان تۇتقان تەقۋادار ئىنسانلار ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ئاللاھنىڭ بەش پەرزىنى تولۇق ئورۇنداپ، باللىرىنى ھەج قىلدۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئىكەن.

چوڭ دادام ئابىت ھاجىم 1880 ـ يىلى كۇچا كونا شەھەردە تۇغۇلۇپ، 1953 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، 1920 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئابىت ھاجىم

نامىدىكى مەسچىتنى سالدۇرغان ئىكەن.

ئابىت ھاجىم مەسچىتنىڭ ئورنى كۇچا كونا شەھەردىكى 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى دوقمۇشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ يەردە تاكى 2000 ـ يىلغىچە بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنى بار ئىدى. ئاتام ماڭا دائىم مۇشۇ دوقمۇشتىن تاكى ئابلا قارى ھاجىم[①] نىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغىچە بولغان يەرنى كۆرسىتىپ: «بۇ يەر ئاتام ئابىت ھاجىم سالدۇرغان مەسچىتنىڭ ئورنى ئىدى، ھازىر باشقىلار ئىگىلىۋالدى»، دەيتتى. ئاتامنىڭ دېيىشىچە، ئابىت ھاجىم مەسچىتى 350 كىشى سىغىدىغان، چوڭ ھويلىلىق مەسچىت بولۇپ، بىر كېچىدىلا چېقىپ تاشلانغان.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، 1978 ـ يىلى ئېلىنغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن كۇچا مىقياسىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ساق قالغان مەسچىتلەرنىڭ ئومۇمى سانى پەقەت 102 بولغان[3]. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا 533 مەسچىت چېقىپ تاشلانغان ياكى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىپ ۋەيران قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، گەرچە ۋەزىيەتتە بىر مەزگىل ياخشىلىنىش بولۇپ، مەسچىت سېلىش قايتىدىن ئەۋجىگە چىققان بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى سانغا ھەرگىز يەتمىگەن. شۇنداقتىمۇ كۇچادا سېلىنغان تۆۋەندىكى مەسچىتلەرنى تونۇشتۇرۇش كۇچانىڭ ئىسلام تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مەلۇم رولى بار، دەپ قارايمەن.

## ئىشخالا مەسچىتى

ئىشخالا مەسچىتى مىلادىيە 1267 ـ يىلى ئەتراپىدا كۇچا كونا شەھەر بازىرىغا ئەڭ يېقىن يېزا ھېسابلانغان ئىشخالا يېزىغا سېلىنغان مەسچىت بولۇپ، تارىخى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ مەسچىت كۇچادا سېلىنغان تۇنجى مەسچىت ھېسابلىنىدۇ. «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ھىجرىيە 66 ـ يىلى ،يەنى مىلادىيە 1267 ـ يىللىرى ئەتراپىدا شەيخ نىزامىدىن دېھلىۋى ئىسىملىك ھىندىستانلىق بىر كىشى كۇچاغا كېلىپ، ئىسلام دەۋىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن. ئۇ كىشى كۇچانىڭ ئىشخالا دېگەن جايىدا تۇنجى خانىقا قۇرۇپ،ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆپەيتكەن. خانىقا ئىچىدە مەدرىس ئېچىپ، تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بارغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتكەن. بۇ مەدرىس تاكى 1950 ـ يىلغىچە ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرغان. ئەمما بۇ خانىقا ۋە مەدرىسنىڭ قاچانلاردا چېقىپ تاشلانغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق يازما ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان.

① "مەربىيەت ژۇرنىلى" 2017 ـ يىللىق 4 ـ ساندا تونۇشتۇرۇلغان

## بەلەخئانا مەسچىتى

كۇچا يېڭى شەھەرگە ئەڭ يېقىن يېزا ھېسابلانغان ئۇچا كەنتىدە «بەلەخئانا» نامدا ئاتالغان بىر مەشھۇر مازارلىق بولۇپ، مازارلىقنىڭ يېنىدا «بەلەخئانا مەسچىتى» ۋە «بەلەخئانا» مەدرىسى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ مەسچىتنى ئافغانىستان بەلخ شەھرىدىن كەلگەن بىر كىشى بىنا قىلغان بولۇپ، ئۇ ئادەم شۇ يەردە مەدرىس ئاچقان ئىكەن. ئۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇ ئادەمنى ئاشۇ مەسچىتنىڭ يېنىغا دەپنە قىلغان. كېيىن كىشلەر ئۇ ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇن بۇ يەردىكى مازارلىق، مەسچىت ۋە مەدرىسىنى «بەلەخئانام» نامىدا ئاتىغان. ئېچىنىشلىقى يېرى شۇكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «بەلەخئانام» نامدا ئاتالغان مازارلىق مەسچىت ۋە مەدرىس پۈتۈنلەي چىقىپ تاشلىنىپ، ئېتىزلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن.

قولىمىزدا بۇ مەسچىتنىڭ قايسى زامانلاردا سېلىنغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق تارىخىي مەنبە يوق. ئەمما بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مەۋلانە ئەرشىدىن كۇچاغا كەلگەندە «بەلخئانام» مەسچىتىدە جۈمە نامىزى ئوقۇغانىكەن. مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ كۇچاغا كېلىشى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنكى ئىش بولۇپ، تارىخىي مەنبەلەردە تۇغلۇق تۆمۈرخان مىلادىيە 1354 ـ يىلى ئىسلام دىنىغا كىرگەن، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. بۇ ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا «بەلەخئانام» مەسچىتىنى كىچىككەندىمۇ 1350 ـ يىللاردىن بۇرۇن سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

## مەۋلانە ئەرشىدىن مەسچىتى

مەۋلانە ئەرشىدىن كۇچا رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان مۇھىم شەخس بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈر خان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كۇچاغا كەلگەن ۋە كۇچادا ئىسلام دەۋىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر كۇچا يېڭى شەھەرگە تەۋە ئۈچ سېپىلنىڭ شەرقىي تەرىپىدە مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ نامىغا ئاتالغان «مەۋلانىم مەسچىتى» نامىدا قەدىمىي بىر مەسچىت بار. مەسچىت مۇنارى خىشلا ئېگىز ياسالغان بولۇپ، چاقچۇق خىش بىلەن بېزەلگەن. مەسچىتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا قويۇق مىللىي بىناكارلىق تۇسىگە ئىگە.مەۋلانە ئەرشىدىن مەسچىتى يەنە مەۋلانە ئەرشىدىن مەدرىسى ۋە مەۋلانە ئەرشىدىن مازارلىقى بىلەن بىر گەۋدە ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇشلار 1964 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

مەۋلانە ئەرشىدىن مەسچىتىنىڭ قاچان سېلىنغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق

تارىخىي ماتېرىيال يوق ھەم كۆز قاراشلارمۇ بىردەك ئەمەس. بىرقىسىم تارىخچىلار مەۋلانە ئەرشىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇرىتلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ قەبرىسىگە ياندىشتۇرۇپ مەسچىت سالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم تارىخچىلار مەۋلانە ئەرشىدىن كۇچاغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە مەسچىت ۋە مەدرىس سېلىپ ۋە شۇ يەرنى مەركەز قىلىپ، دىنىي دەۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، دەپ قارايدۇ. بىز مەيلى قايسى خىل تارىخىي ئەھۋالنى نەزەرگە ئالمايلى ،ئومۇمەن بۇ مەسچىتنىڭ سېلىنغان ۋاقتىنىڭ 1364 ـ يىلدىن كېيىن ۋە 1410 ـ يىللاردىن بۇرۇن سېلىنغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

## ساقساق مەسچىتى

بۇ مەسچىت كۇچا كونا شەھەر ساقساق مەھەللىسىدىكى ساقساق ئۆستەڭنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «ساقساق مەسچىتى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

«ساقساق» دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن ئېنىق مەلۇمات يوق. كۇچادىكى يەر ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «ساقساق» دېگەن بۇ نام ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمقى ئاھالىلىرىنىڭ بىرى بولغان ساكلاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشچە«ساقساق» دېگەن سۆز «ساق ساك» دېگەن سۆزنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ساقساق مەسچىتى 1447 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، بىر ۋاقىتتا تەخمىنەن 700 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. ئىگىلىگەن ئومۇمى كۆلىمى 1665كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

## قىغدۆڭ مەسچىتى (كۇچا خانىقا مەسچىتى)

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا قىغدۆڭ مەسچىتى مىلادىيە 1560 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ نامىغا ئاتاپ سېلىنغان مەسچىت بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «خانىقا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. كۇچا خانىقاسى كۇچا كونا شەھەر بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قىغدۆڭ مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 21 مو كېلىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە خوجا ـ ئىشانلارنىڭ مەزھەپ كۆرۈشىدىن يېڭىلگەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا ئىسھاق يەركەن ۋە قەشقەرلەرنى تاشلاپ بىر مەزگىل ئۈچتۇرپان،ئاقسۇ ۋە كۇچارلاردا ئۆز سۇلۇكىنىڭ تەرىقەتچىلىك ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان. ئۇ كۇچادا تۇرغان مەزگىللىرىدە قىغدۆڭ مەسچىتىگە چۈشۈپ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغان ۋە ئەترابىغا مۇرىت توپلىغان. ئۇ خەلققە ئۆزىنى «ئەۋلىيا» دەپ تونۇشتۇرۇپ، قىغدۆڭ مەسچىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

نامىنى «خانقا»غا ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ مەسچىتنى خانقا دېگەن نام بىلەن ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ مەسچىتنى خانقا دەپ ئاتايدۇ.

قىغدۆك مەسچىتى 1668 ـ يىلى كۇچالىق باي ئابلاخاننىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن بىر قېتىم كېڭەيتىلىپ ياسالغان. 1726 ـ يىلى كۇچالىق مەشھۇر تىۋىپ مۇھەممەت شېرىپ ھاجىنىڭ ئىقتىسادىي بىلەن يەنە بىر قېتىم دائىرىسى كېڭەيتىلىپ ياسالغان. 1926 ـ يىلى 6 ـ ئايلار ئەتراپىدا مەسچىتكە ئوت كېتىپ، ناماز ئوقۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغان. 1928 ـ يىلى جامائەتنىڭ تەشەببۇسى ۋە شۇ چاغدىكى كۇچانىڭ بېگى مەھمۇز ۋاڭنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مەسچىتنىڭ ئورنىغا قايتىدىن مەسچىت سېلىش ئىشى باشلانغان. مەسچىت قۇرۇلۇشى 1932 ـ يىلى تاماملانغان. 1955 ـ يىلى خەلق ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ پۇل يىغىپ مەسچىتنى رېمۇنت قىلدۇرغان. 1966 ـ يىلىدىن باشلاپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا مەسچىت ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. 1982 ـ يىلى كۇچا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىپ، مەسچىتنى دەسلەپكى قەدەمدە رېمونت قىلدۇرغان. 1988 ـ 1989يىللىرى ئارىلىقىدا جامائەت ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ، پۇل توپلاپ، مەسچىتنى ناھايىتى چوڭ رېمونت قىلدۇرغان. بۇ قېتىمقى رېمونت ئىشلىرىدا پۇل توپلاش ۋە ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىش ئىشلىرىغا مېنىڭ ئاتام مۇھەممەت ھاجىم مەسئۇل بولغانىدى. 2002 ـ يىلى كۇچا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن مەسچىت يەنە بىر قېتىم ناھايىتى چوڭ رېمونت قىلىنغان. مەسچىتنىڭ رېمونت لايىھەسىنى سانائەت ئىنستىتۇتى بېكىتكەن.

ھازىر كۇچا قىغدۆك مەسچىتى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## پىلاك مەسچىتى

پىلاك مەسچىتى 1756 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 666 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بىر ۋاقىتتا 300 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسچىتنىڭ ئورنى كۇچا يېڭى شەھەر بازىرىغا يېقىن پىلاك مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا كۇچا ناھىيىلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كونا ئورنى مۇشۇ مەسچىتتىن تەخمىنەن 200 مېتىر نېرىسىدا ئىدى.

## شاۋفاڭ تۈڭگان مەسچىتى

شاۋفاڭ تۈڭگان مەسچىتى كۇچا كونا شەھەردىكى تۆگىدەڭ مەھەللىسىدە بولۇپ، 1888 ـ يىلى سېلىنغان. بۇ مەسچىت رەستە بازىرىدىن سۇقۇۋۇق مەھەللىسىگە بارىدىغان يولنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان.

## داخاللا مەسچىتى

داخاللا مەسچىتى 1890 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئۇچا يېزىسىنىڭ داخاللا كەنتىگە جايلاشقان. مەسچىتنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمى يەر كۆلىمى 532 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىر ۋاقىتتا 200 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

داخاللا سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بىر قىسىم تارىخچىلار بۇ سۆز بەلكىم داخانلار سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ مەھەللىدە بۇرۇندىن تارتىپ پىر ئوينايدىغان باخشى، داخانلار كۆپ بولغانىكەن.

## پاختا بازار مەسچىتى

پاختا بازار مەسچىتى 1898 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئورنى رەستە مەسچىتىنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلەتتى. ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1198 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىر ۋاقىتتا مىڭغا يېقىن ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. گەرچە بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى رەستە مەسچىتى بىلەن ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، يەنىلا بۇ مەسچىتتە ناھايىتى كۆپ ئادەم ناماز ئوقۇيتتى. جۈمە كۈنلىرى مەسچىتكە ئادەم پاتماي قالاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە تاكى مەن چەتئەلگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ مەسچىتكە مۆھسىن قارى ھاجىم ئىمامەتچىلىك قىلاتتى.

## رەستە مەسچىت

رەستە مەسچىتى 1908 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، كۇچا كونا شەھەر بازىرىنىڭ دەل مەركىزىگە جايلاشقان. ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3330 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىر ۋاقىتتا 1500 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

## ساقساق ئاق مەسچىتى

ساقساق ئاق مەسچىتى 1927 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، كۇچا كونا شەھەر ساقساق مەھەللىسىگە جايلاشقان. ئىگىلىگەن ئومۇمى يەر كۆلىمى 1465 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بىر ۋاقىتتا مىڭغا يېقىن ئادەم بىرلىكتە ناماز ئوقۇيالايدۇ.

## قوناس مەسچىتى

قوناس مەسچىتى 1980 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئالاقاغا يېزىسىنىڭ قوناس كەنتىگە جايلاشقان. ئىگىلىگەن ئومۇمى يەر كۆلىمى 1332 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىر ۋاقىتتا 800ئەتىراپىدا ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى

قەدىمقى كۇسەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى نەشرى

كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى(6)، سىياسىي كېڭەش كۇچا ناھىيىلىك كومىتېتى، 2004 ـ يىلى نەشرى

كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى(5)، سىياسىي كېڭەش كۇچا ناھىيىلىك كومىتېتى، 1999 ـ يىلى نەشرى

كۇچادا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى

www.uyghurkitap.com



# ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 |
| شۋېتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 |
| ئاۋىستىرالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 |
| شۋېتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0046735710908 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 00491761038276 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 |
| تۈركىيە | ئابدۇلجېلىل تۇران | 0090532414055 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 |
| مىسىر | زەئىم مەنسۇر | 0020111432366 |
| سەئۇدى ئەرەبىستان | مەتمىن قارىم | 00966502382971 |

سەممىي ئەسكەرتىش: بۇ ساندا يوللانغان ماقالىلار بىر قەدەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلگىرىكى سانلاردا بېرىپ كېلىنگەن بىر قىسىم ماقالىلارنىڭ داۋامىنى، شۇنداقلا بىر قىسىم يېڭى ماقالىلارنى كېيىنكى سانغا قالدۇرۇپ قويدۇق. ماقالە ئىگىلىرىگە ئايرىم ئۈچۈر يوللاپ خەۋەرلەندۈرۈپ بولالمىدۇق. ئىنشائاللاھ كېيىنكىساندا ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى ۋە ئەھمىيىتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىمىز.

ـــ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىر ھەيئىتى